

# ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-09838-5

9 787228 098385 >

定价：4.50 元

# ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间大话集 /《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2006.2(2007.3重印)
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978 - 7 - 228 - 09838 - 5

Ⅰ.维... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 笑话 - 作品集- 中国 - 维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第010494号

策　　划: 阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑: 艾合买提.伊明
责任校对: 阿布勒孜.阿巴斯 等

**维吾尔民间大话集** (维吾尔文)

《维吾尔民间文学大典》编委会 编

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编: 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.75印张 2插页
2006年2月第1版 2007年3月第2次印刷
印数: 4,001-7,000

ISBN 978-7-228-09838-5 定价: 4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار

ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى
«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
نەشرگە تەييارلىغان
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 32/1
باسما تاۋىقى: 2.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2007 ـ يىلى 3 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 4,001-7,000
ISBN 978-7-228-09838-5
باھاسى: 4.50 يۈەن

# ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

ئۈرۈمچى

2006-يىلى

## ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
## 30 كىتاب نەشردىن چىقتى

| | |
|---|---|
| ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى: كۆك ياللىق بۆرە | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى كۆك گۈمبەز | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بۇلبۇلگويا | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يېرىل تېشىم، يېرىل | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى قىلىچ باتۇر | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئەجدىھا يىگىت | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى كۆھىقاپ پادىشاھىنىڭ قىزى | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مېھرى نىقاب | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ھۆۋەي باتۇر | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى دانىشمەن دىۋانە ۋە ئادىل پادىشاھ | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مەلىكە بەرنا | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بوقا موزايلاپتۇ | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى ئەمىرگۆر ئوغلى | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى نۇزۇگۇم | 17.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى يۈسۈپ - زىلەيخا | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى تاھىر - زۆھرە | 18.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى كاككۈك بىلەن زەينەپ | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ① | 15.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ② | 12.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ③ | 16.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ④ | 16.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ⑤ | 15.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ① | 19.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ② | 20.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى | 8.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى | 21.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى | 4.50 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى: ھېسام چاقچاقلىرى | 15.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى | 13.00 يۈەن |
| ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى | 5.00 يۈەن |

**(بۇ بىر يۈرۈش 30 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 480 يۈەن)**

# مۇندەرىجە

ئۆردەك ئېتىش..................................1
ئىككى لاپچى ..................................3
ناۋات ۋە چاقماق قەنت ..................................7
ناخشىچى ..................................8
قوغۇن ..................................9
كېرەم لاپچى بىلەن ئاسىم لاپچى ..................................10
ياشلىقنى ئەسلەش ..................................11
گۇمپا ..................................13
تەڭنە ۋە هاڭگا تېرەك ..................................16
ئورما ..................................18
ئەقىللىق كالا ..................................21
ئاسمانغا چىقىش ..................................23
توغرا مۆلچەرلەش ..................................25
يوغان ئېغىز..................................26
ئىسسىق ۋە سوغۇق ..................................27
پوچى ئالۋاستى ..................................28
ئوخشىغان ئاپتاپپەرەس..................................30
لاپچىنى جايلىغان باپچى ..................................32
گىلەمگە ياماق سېلىش ..................................34
خورازنىڭ كارامىتى..................................36
بۇياق يەر تۆۋىنى ئىكەن ..................................39

كۆك ئات ........................................ 41
تورپاقتەك خوراز .................................. 44
توختىماس سائەت .................................. 45
چۈشىدە تېپىۋالغان پۇل ........................... 47
بەشئاتارنىڭ ئوقى .................................. 49
زەمبىرەك ئوقىنى تۇتۇۋېلىپ ........................ 50
ئۆيدىن چىقماي ئوۋ قىلىش ......................... 52
قىرغاۋۇلنىڭ كۆپلۈكىدىن ........................... 53
ئايروپىلان بىدە ئاستىدا .......................... 54
باتۇرلۇق ........................................ 55
بەسلىشىش ........................................ 57
بىر مىشكاپ ئوق ................................... 59
نەيگە قونغان بۇلبۇل ............................... 60
نوچىلىق ......................................... 61
ئايروپىلاندا ...................................... 65
تېز سۈرئەتلىك پىكاپ .............................. 69
ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا ............................ 71
جىن بىلەن ئېلىشىش ............................... 73
ئۆستەڭدە ماي ئاقتى ............................... 83
كاۋا بىلەن قازان .................................. 84

# ئۆردەك ئېتىش

ئازنىباقى دەپتۇ:

باشقا ئوۋچىلار پىتىر مىلتىقلىرى بىلەن ئوۋ قىلىشسا، مەن كۆپرەك بەشئاتار بىلەن ئوۋ قىلاتتىم. بىر يىلى كۈزدە ئون نەچچە ئاغىنەم بىلەن ئۆردەك ئاتقىلى چىقتۇق، سازلىققا يېقىنلاپ بېرىشىمىزغا، قومۇشلۇق ئىچىدىن بىر توپ ئۆردەك پۇررىدە ئۇچۇپ چىقتى.

— ھېكىم، ئاتە ! — دېدىم مەن.

ئۇنىڭ قوشئاتار مىلتىقىدىن ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى، ئەمما بار - يوقى بىر ئۆردەك يەرگە چۈشتى. قارىسام، ئۆر- دەكلەر يىراقلاپ كېتىشتى. ئەللىكتىن ئارتۇق ئۆردەكتىن ئاران بىرى چۈشكىنىگە ھەممىمىز ئەپسۇسلىنىپ قالدۇق.

«خەپ، ئۆردەكلەر !» دېدىم مەن. كۆپ ئۆتمەي، ھېلىقى بىر توپ ئۆردەك بۇلۇت بىلەن تەڭ ئۇچۇپ ئايلىنىپ كەلدى. مەن ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بىر ئۆردەكنى قا- رىغا ئېلىپ ئاتتىم، «تاڭ» قىلغان ئاۋازدىن كېيىن ھېلىقى ئۆردەك پوكلا قىلىپ يەرگە چۈشتى. يەنە «تاڭ - تاڭ» قىلىپ ئىككى پاي ئوق ئېتىۋىدىم، «پوك - پوك» قىلىپ ئىككى ئۆردەك چۈشتى. «تاڭ - تاڭ - تاڭ - تاڭ»قىلىپ

كـەيـنى ـ كـەينىدىن ئېتىۋەردىم، «پـوك ـ پـوك ـ پـوك ـ پوك» قىلىپ چۈشۈۋەردى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ھېلىقى بىر توپ ئۆردەكنى تاغارلارغا قاچىلاپ قايتىپ كەلگەندۇق.



# ئىككى لايچى

بىر يېزىدا داۋۇت لايچى ۋە ئاۋۇت لايچى دەيدىغان ئىككى ئادەم بار ئىكەن، ئۇلار بىر يەردە بولۇپ قالسىلا توختىماي لاپ ئېتىشىدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ ـ دە، لاپ ئېيتىشىشقا باشلاپتۇ. داۋۇت لايچى دەپتۇ:

— بۇ يىل مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى تاشلىنىپ قالغان ئون مو يەرنى كۆتۈرە ئېلىپ قوغۇن تېرىدىم، دەڭلار. قوغۇنلىرىم شۇنداق ئوخشاپ كەتتىكى، ئەييۇھەنناس ! بۇنى سىلىگە قانداق تەرىپلەپ بېرىشىمنىمۇ بىلمەيۋاتىمەن. خەۋىرىڭلار بار، قوغۇنلۇق بىلەن بىزنىڭ ئۆينىڭ ئارىلىقى ئون چاقىرىم كېلىدۇ. قوغۇننىڭ باش بورنى پىشىۋاتقان چاغلار ئىدى، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە نېمىدۇر بىرنېمىنىڭ «پاڭ ـ پۇڭ !» قىلغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. ھە دېگەندە نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئاۋازلارنىڭ نەدىن چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئىچىم پۇشتى. كۈندۈزى مەھەللىدىكى ئەل ـ جامائەتتىن سورىسام، ئۇلار: «بىزمۇ ئاڭلاۋاتىمىز، بىر يەردە ھەربىيلەر زەمبىرەك ئېتىشنى مەشىق قىلىۋاتامدۇ نېمە؟» دېيىشتى. زەمبىرەكنىڭ ئاۋازىمۇ مۇنداق قاتتىق بولامدۇ، دەپ، ئانچە ئىشەنمىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي سىر ئاشكارا بولدى،

دەڭلا. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە يەنە شۇ «پاڭ ـ پاڭ» قىلغان ئاۋازلار كۈندىكىدىنمۇ قاتتىق ئاڭلانغىلى تۇردى. بۇ نىمە ئىشتۇ، دەپ، كۆڭلۈمگە كەلمىگەن ئىشلار كەلدى. پېشايۋان ئاستىدا ياتاتتىم، ئۇشتۇمتۇت بىر نەرسە «پوككىدە» قىلىپ ھويلىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا چۈشمەسمۇ ! بېشىمنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىسام، تازا يوغان تەكىيدەك بار بىر قوغۇن بەش پارچە بولۇپ يېتىپتۇ. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ قوغۇننىڭ كىچىكرەك بىر پارچىسىنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، شاپىقىغا قاراپلا تونۇدۇم، بۇ دەل مەن تېرىغان قوغۇن ئىكەن. نەچچە كۈندىن بۇيانقى ئاۋازلار باشقا نەرسە ئەمەس، بىزنىڭ ئېتىزدىكى قوغۇنلارنىڭ يېرىلغىنىكەن، دەڭلا. بۇ كاساپەتلەر ئېتىزدا يېرىلغانىنى ئاز دەپ، يېلىكىدىن ئۈزۈلۈپ چىقىپ ھويلامغا چۈشۈپتۇ ئەمەسمۇ !

ئاۋۇت لاپچى دەپتۇ:

— توغرا، بىر يىلىنىسى سىلى قوغۇن تېرىغان ئاشۇ يەرگە مەنمۇ يېسىۋىلەك تېرىغانىدىم. توۋا دەيمەن، يېسىۋىلەك دېگەنمۇ شۇنداق ئوخشايدىكەن ! ھەربىر تۈپى بىر بەردەم ئا- دەمدەك بولۇپ كەتتى، دەڭلا ! ئۇنىڭ شوڭلىرى ئىچ ـ ئىچى- دىن تۈرۈلۈپ چىقىۋەرگەندىن كېيىن بىر تۈپ يېسىۋىلەك بىر پاتمان يەرگە پاتمىغىلى تۇردى. ئەمدى بۇنى قانداق قىلارمەن، دەپ ئويلاپ، ھەممىسىنىڭ بېلىدىن باغلاپ قويۇپ دېگەن يەرگە كەلدىم ـ دە، بازارغا بېرىپ بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ، تازا پىششىق ئىشلىگەن ئارغامچىدىن سېتىۋالدىم. ئارغامچا بولغاندىمۇ تازا قىل ئارغامچىلار، دەڭلا. ئارغامچىلار- نى بىر غۇلاچ ـ بىر غۇلاچتىن كېسىپ، ئېتىزدىكى ھەربىر تۈپ يېسىۋىلەكنىڭ بېلىدىن مەھكەم باغلاپ قويدۇم. بىرنەچ- چە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەنمۇ ئۆيدە يېتىپ خۇددى سىلى

ئاڭلىغاندەك «پاس - پۇس» قىلغان ئاۋازلارنى ئاڭلىدىم. نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئۇقماي يۈرۈپتىمەن. بىر كۈنى ئېتىزغا بېرىپ قارىسام، يېسىۋىلەكلىرىم ئوخشاپ كەتكەندەك ئىكەن. قارىسام هېلىقى مەن باغلاپ قويغان ئارغامچىلارنى ئۈزۈپ بوپتۇ. بىز قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات - پۆكتات تېرىيدىغان بولساق هەرگىز بوش كەلمەيمىز جۇمۇ!

داۋۇت لاپچى دەپتۇ:

— شۇنداق، ئاۋۇت ئاخۇن، هەرقانداق نەرسىنىڭ ئوخشىمىقى چاپقان كەتمەنگە باقىدۇ. ياش چاغلىرىمىزدا بىز كەتمەن چاپىدىغان بولساق، يەرنىڭ ئومۇرتقىسى ئوشتۇلۇپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتەتتى. شۇ چاغدا ماڭا ئۇنداق - مۇنداق كەتمەن پايلىماي، ئالاهىدە بىر كەتمەن ياساتمىدىمىمۇ، خەۋىرىڭلار باردۇ؟ ئىككى كەتمەنلا توپا ئاتسام بىر ماشىنا توشاتتىغۇ. شۇ كەتمەن هېلىمۇ بار، يېقىندا بىر قۇرۇلۇش ئورنىدىن ئاشۇ كەتمىنىڭنى بىزگە بەرگىن، ئۇنىڭ ئورنىغا بىز ساڭا بىر ماشىنا بېرەيلى، دېيىدى، ئۇنىمىدىم.

ئاۋۇت لاپچى دەپتۇ:

— ياش ۋاقتىمىزنى قويۇپ تۇرايلى، هېلىمۇ كۈچتىن قالماپتۇق، داۋۇت ئاخۇن. مەن تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا كۈچۈمنى يەنە بىر سىناپ باقتىم. هېلىقى كۈنى بازارغا بېرىپ تاشيول بىلەن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم، تۆۋەنكى مەهەللىدىكى كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا بىرمۇنچە ئادەم ئولىشىۋاپتۇ. نېمە ئىش بولدىكىن، دەپ بېرىپ قارىسام، بەش تونىلىق بىر ماشىنا يۈكى بىلەن پاتقاققا پېتىپ قاپتۇ. زەنجىر تاپانلىق بىر تراكتور سىم ئارغامچا بىلەن ئالدىدىن تارتىۋاتىدۇ، كەينىدىن يىگىرمە - ئوتتۇز ئادەم ئىتتىرىۋاتىدۇ، لېكىن ماشىنا ئورنىدىن مىدىر - سىدىر قىلىپمۇ قويماي تۇرىدۇ. ئاخىر چىداپ

تۇرالماي: «بولدى، بولدى، ھەممىڭلار نېرى تۇرۇڭلار، تراكتورغا باغلىغان سىم ئارغامچىنىمۇ يېشىۋېتىڭلار» دېدىم - دە، ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ بىرلا مۈرىدەپ ماشىنىنى تۈز يولغا چىقىرىپ قويدۇم. ھەممىسى ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى.

— سىلىغۇ ماشىنىنى ئارقىسىدىن مۈرىدەپ تۈز يولغا چىقىرىپ قويۇپسىلەر، — دەپتۇ داۋۇت لاپچى، — مەن بولغان بولسام، بىر پۇتۇم بىلەن ئىتتىرىپلا چىقىرىۋېتەتتىم ئەمەسمۇ.

— مەنمۇ شۇنداق قىلايمىكىن دەپمۇ ئويلىغان، — دەپتۇ ئاۋۇت لاپچى، — لېكىن، پۇتۇم ماشىنىغا قاتتىقراق تېگىپ كەتسە، بىكاردىن - بىكار ساپساق بىر ماشىنا ماكچىيىپ كېرەكتىن چىقىپ كەتمىسۇن دېدىم - دە!



# ناۋات ۋە چاقماق قەنت

بىر كۈنى سەمەت لاپچى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىپتۇ.

— ھەي ئاداش، — دەپتۇ سەمەت لاپچىنىڭ ئاغىنىسى، — ئۆيۈڭگە بارىمەن دەپمۇ قويماي كەلگىنىڭنى قارا. سەن ناۋات سالغان چايغا بەكمۇ ئامراق ئىدىڭ، قارىمامدىغان، قېرىشقاندەك، ئۆيدە ناۋات تۇرماق، ھەسەلمۇ قالماپتۇ. بىزنىڭ شۇ باللىرىمىزە، ھەسەل دېگەننى تۇڭلاپ، ناۋات دېگەننى تاغارلاپ ئەكېلىپ قويسامۇ تۈگىتىۋېتىپتۇ.

ئارىدىن كۈنلەر ئۆتۈپ ھېلىقى ئاغىنىسى سەمەت لاپچىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىپتۇ.

— ئاداش، سېنى كېلىپ قالارمىكىن دەپ بەش ـ ئالتە يەشىك چاقماق قەنت ئەكېلىپ قويغانىدىم. سەن قەنت سالغان چايغا بەك ئامراق ئىدىڭ. قارىمامدىغان، مۇشۇ باللار قۇشقاچ ئاتىمىز دەپ، چاقماق قەنتنى رەگەتكىگە سېلىپ، بىرىنىمۇ قويماي ئېتىپ بوپتۇ، — دەپتۇ سەمەت لاپچى ۋە ئاغىنىسىنى قۇرۇق چاي بىلەنلا يولغا ساپتۇ.

# ناخشىچى

— بىزنىڭ ئالتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان تۇرسۇنجان دېگەن ئوغلىمىز مەكتەپنىڭ سەنئەت ئۆمىكىگە قاتناشقانىدى، — دەپتۇ مەرۇپ پوچى ئارۇپ پوچىنى كۆرۈپ، — شۇنىڭدىن بېرى ناخشىنى شۇنداق چىرايلىق ئېيتىدىغان بولۇپ كەتتىكى، قويۇۋەر. ئاۋازىنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى دېمەمسەن! يېقىندا باللار بىلەن بىر يېزىغا ئويۇن قويغىلى كەتكەن، ئۇ يەر بىلەن بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئارىلىقى يىگىرمە چاقىرىم كېلىدۇ، ئەمما ئوغلۇمنىڭ شۇ يەردە ئېيتقان ناخشىسى بىزنىڭ ئۆيگە ئاڭلاندى. مانا، ناخشىچى دەپ بىزنىڭ تۇرسۇنجاننى دېسە بولىدۇ!

— ئۇ قانچىلىك ئىشتى! — دەپتۇ ئارۇپ پوچى، — بىزنىڭ ئەركىنجانمۇ مەكتەپتە ناخشىچى. ئۇنىڭ ئاۋازى دېگەن شۇنداق جاراڭلىق ھەم يېقىملىق. ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشام غۇلجا شەھىرىدىكى تىياتىرخانىدا ناخشا ئېيتىۋىدى، كۇنەستە ئولتۇرۇشتا ئولتۇرغان ئاغىنىلىرىم ئاڭلاپ، بەزىلىرىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىشىپ كەتتى.

# قوغۇن

بىر لاپچى يەنە بىر لاپچىغا دەپتۇ:

— مەن تېرىغان قوغۇنلار شۇنداق ئوخشىدىكى، بىرىنى پىچىپ سەككىز ئادەم پۇخادىن چىققۇدەك يېسەك، يەنە ئېشىپ قالدى.

شۇ چاغدا ئىككىنچىسى دەپتۇ:

— قوغۇن دېگەن يوغان بولسىلا ھېسابمۇ، مۇھىمى تاتلىقلىقى. مەن تېرىغان قوغۇنلاردىن بىرىنى باللىرىم پىچىپ يېۋىدى، تاتلىقلىقىدىن باللار بىر - بىرىگە چاپلىشىپ قېلىپ، شۇ چاپلاشقان پېتىچە ئۇخلىشىپ قاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە چېلەك بىلەن سۇ چېچىپ ئىككىسىنى ئاران ئاجراتتىم، قالغان تۆتىنى چاپلاقلىق پېتى مەكتەپكە يولغا سالدىم.



# كېرەم لاپچى بىلەن ئاسىم لاپچى

بىر كۈنى كېرەم لاپچى بىلەن ئاسىم لاپچى كوچىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— بىزنىڭ كەنجى ئوغلىمىز قەمىردىن شۇنداق باتۇر بالا بولدىكى، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ئاسىم لاپچى، — تۈنۈگۈن ئۈن تارتىپ كەل دەپ تۆگمەنگە ئەۋەتكەنىدىم. تۆگمەنچى نۆۋەت كۈتىسەن، ئەتە يا ئۆگۈن كەل، دەپ چىشىغا تېگىپتۇ. سەككىز ياشلىق بالا ئاچچىقىغا هاي بېرەلمەي، ئىتتىك چۆرگىلەۋاتقان تۆگمەننىڭ ئۈستۈنكى تېشىنى بىر قولى بىلەن بېسىپ توختىتىۋاپتۇ. چوڭ بولغاندا قانداق كۈچتۈڭگۈر بولۇپ كېتەركىنتاڭ!

— باتۇر دەپ ئەمدىلا ئىككىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن بىزنىڭ ئوغلىمىز سادىقجاننى دېسە بولىدۇ، — دەپتۇ كېرەم لاپچى، — ئاپىسى ئۇنى ئۈن تارتىپ كەل دەپ هەر كۈنى تۆگمەنگە ئەۋەتىدۇ. هەر كۈنى يىراقتىكى تۆگمەنگە قاتناۋېرىپ زېرىكسە كېرەك، بالا ئاخشام يوقىلىپ كەتتى. نەگە كەتتىكىن دېسەك، قاسىم ياۋاشنىڭ تۆگمىنىنى ئۆي - پۆي، نو - پو، تاش - پاشلىرى بىلەن قوشۇپ كۆتۈرۈپ، ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئورنىتىۋاپتۇ. هازىر شۇ تۆگمەندە ئۈن تارتىۋاتىمىز.



# ياشلىقنى ئەسلەش

سەمەت بوۋاي بىلەن مەريەمخان موماي بىر ياز ئاخشىمى ياشلىقنى ئەسلىشىپ قاپتۇ.

— ھەي، ياشلىق چاغلار دېگەن ئەجەب ئىدىغۇ، ئادەمدە كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. مەن بىر كۈندە ئىككى - ئۈچ مو يەرنىڭ پاختىسىنى تېرىپ بولىدىغان، يەنە ھېچقانداق ھارغىنلىق سەزمەيدىغان، — دەپتۇ مەريەمخان موماي.

— ھەي ئانىسى، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ ئىككى - ئۈچ مو يەرنىڭ پاختىسىنى ماڭا قويۇپ بەرسە قولۇمنى ئىشلەتمەي، پۇتۇم بىلەنلا تېرىپ بولاتتىم. مەنچۇ، مەن بىر كۈندە يەتتە - سەككىز مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇپ بولاتتىم.

— مەنچۇ، — دەپتۇ مەريەمخان موماي، — بىر كۈندە ئون - ئون بەش تاغار ئوت ئالىدىغان. بىرەر تاغار بۇغدايىنى ھېچكىمگە يۆلەتكۈزمەيلا يۇدۇپ تۈگمەنگە ئېلىپ بارىدىغان.

— بىرەر تاغار بۇغداي دېگەن نېمە ئۇ! مەن دېگەن ھەر يوغان تورپاق كالىنى قولتۇقۇمغا قىستۇرۇپلا تۆت - بەش گەز كېلىدىغان تامدىن گويا ئۇچنى كۆتۈرگەندەكلا سەكرەپ ئۆتىدىغان.

— بۇ بەك ئېشىپ كەتتى، — دەپتۇ مەريەمخان، — ھې-لىقى بىر ئاخشىمى بىر سېۋەتكە توقاچ قاچىلاپ بەرسەم، باغ-

نىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ ئۆتەلمەي گۆپپىدە يىقىلغانلىرى ياد-
لىرىدىن چىقىپ قالدىمۇ؟
— ئۇ دېگەن شۇنداق بىر كېلىشمەسلىك، ھېلىقى قارا
بويناق قەيەردىنىدۇر غىپپىدىلا كېلىپ ئىشتىنىمنىڭ پۇچقى-
قىدىن چىشلىۋالمىغان بولسا، ئۇنداق سەتچىلىك بولمايتتى، —
دەپتۇ سەمەت بوۋاي، — سىلىنىڭ يادىڭلىدىن چىقىپ قالمى-
غاندۇ، يۇرتىمىزدا ئوغلاق تارتىش بولغان ھېلىقى كەچ كۈز-
نىڭ بىر كۈنىدە ئاتنى چاپتۇرۇپ كېلىپ توپ ئىچىدىن سى-
لىنى كاپپىدە تۇتۇپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئالاي دېگىنىمدە، خان
ئاچاڭلار ئېسىلىۋالسا ئۇنىمۇ قوشۇپ ئات ئالدىغا ئېلىپ چىقى-
دىمۇ؟!



# گۇمپا

كەچ كۈزنىڭ سۈتتەك ئايدىڭ ئاخشىمىدا بىر توپ باللار تونۇر بېشىدا چۆچەك ئېيتىشىپ ئولتۇرۇپتىكەن، بىر چاغدا شۇ مەھەللىدىكى ساتتار پوچى كېلىپ قاپتۇ. باللار ئۇنىڭغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭ، دەپتىكەن، ئۇ:

— مەن سىلەرگە چۆچەك ئەمەس، ياشلىقىمدا بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ.

— ماقۇل، ماقۇل ! — دەپتۇ باللار چۇرقىرىشىپ.

— مېنىڭ يىگىتلىك ئۆيلەنگەن چاغلىرىم ئىدى، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ساتتار پوچى، — بىزنىڭ ناھايىتى شاش بىر تورپىقىمىز بولىدىغان، ئۇ ئادەتتە بەش ـ ئالتە ئادەمگە بوي بەرمەيدىغان، كىم يېنىغا كەلسە، مۈڭگۈزى بىلەن ئىلىپ سەككىز ـ ئون چامدام نېرىغا چۆرۈۋېتىدىغان، خوتۇن كىشىگە بەك ئۆچ بولۇپ، قىزىل كۆڭلەك كىيگەن ئاياللارنى كۆرسىلا قوغلاپ سۈر ـ توقاي قىلىۋېتىدىغان. بىر كۈنى مەن ئۇ تورپاقنى سۇغارغىلى ئاچىقتىم، دەريا بويىدا بىر قىزىل كۆڭلەكلىك چوكان سۇ ئېلىپ ئولتۇرغانىكەن، «ئاپلا !» دەپ تۇرۇشۇمغا، تورپاق ھېلىقى چوكاننى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ھۆركىرىگىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى. بويىدىن باغلىغان ئارغامچىنى كۈچەپ تارتتىم، تورپاقمۇ بوي بەرمىدى، مەنمۇ بوش كەلمى-

دىم. ئاقىۋەت ئارغامچا پاسسىدە ئۈزۈلدى. ئىش چاتاق، دېگەن خىيال كاللامدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى. بىرەر ئامالىنى قىلمىسام، تورپاق ھېلىقى قىزىل كۆڭلەكلىك چوكاننى ئۇ- سۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشى، ھېچبولمىغاندىمۇ ناكار قىلىپ قو- يۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ شىجائەت، كۈچ دېگەن قەيەردىن كەلدىكىن، مەنمۇ يولۋاستەك ئېتىلدىم - دە، تورپاقنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىدىن تۇتۇۋالدىم. تورپاق ھېچ بوي بېرىدىغاندەك ئەمەس. ئاڭغىچە تورپاق ھېلىقى قىزىل كۆڭلەكلىك چوكاننىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالدى. مەن: «قېچىڭ !» دېيىشىمگە، ھېلىقى چوكان ئارقىغا بۇرۇلۇپلا: «ۋايجان !» دەپ چىرقىرىۋەتتى. تورپاق تېخىمۇ غەزەپكە كەلدى. خەۋپ قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىلا قالغانىدى. مەن: «ياپىر !» دېگىنىمچە، تورپاقنىڭ مۈڭگۈزىدىن كۈچەپ شۇنداق بىر قايرىۋىدىم، تورپاق خۇددى قاپاق تېرەك يىقىلغاندەك گۈپپىدە يىقىلدى، ھەتتا تاشتەك قاتتىق يەرگە بىر غېرىچچە پېتىپ كەتتى.



— ۋاي - ۋۇي، باياتىنىلا ئۇ تورپاق بەش - ئالتە ئادەمگە بوي بەرمەيتتى دېگەندىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ بىر بالا.

— سەن نېمىنى

ئۇقاتتىڭ، بۇ دېگەن قانچىلىك ئىشتى؟ ئۇ چاغلاردا مەن بىرەر توپ سۇۋادانىنمۇ بىرلا پەشۋا بىلەن سۇندۇرۇۋېتىدىغان كۇچتۇڭگۇر ئىدىم، — دەپتۇ ساتتار پوچى.

— ئۇنداقتا شاۋلىن گۇمپىسىنى ئۆگەنگەنىكەنسىز ـ دە؟ — دەپتۇ يەنە ھېلىقى بالا.

— شاۋلىن گۇمپىسى دېگەن نېمە ئۇ؟ — دەپتۇ ساتتار پوچى، — ئۇلارخۇددى خوتۇن كىشىدەك كىچىككىنە كالتەكنى كۆتۈرۈۋېلىپ قۇرۇق ھەيۋە قىلىدۇ. كىنو دېگىنىڭچۇ، ھەممىسى يالغان. مېنىڭ ئۆگەنگىنىم «كەتمەن گۇمپىسى». مەن دېگەن ئۇ چاغدا توققۇز ـ ئون جىڭلىق كەتمەننى ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە چېپىپ ھارمايدىغان، كەتمەننى ھەربىر چاپسام، كەتمەن قاتتىق سېغىز يەرگە قۇلىقىغىچە پاتاتتى، بىر كەتمەندە ئالغان توپىغا بىر تاغار توشاتتى، ئۇنى بەردەم ئىككى يىگىت ئېشەككە ئاران ئارتاتتى!

— ساتتار ئاكا، ئەمىسە بىزگە بىر گۇمپا كۆرسىتىپ بەرمەمسىز؟ — دەپتۇ بالىلاردىن بىرى.

— قانداق گۇمپا كۆرسىتەي؟

— ياش چېغىڭىزدا بىر پەشۋا بىلەن ھەر يوغان سۇۋادانىنى سۇندۇرۇۋېتەلەيدىكەنسىز، مانا ئەمدى ياشىنىپ قالدىڭىز، ياشلىقىڭىزدىكى كۇچىڭىزنىڭ ئوندىن بىرى بولسىمۇ باردۇر، مانا مۇشۇ مېنىڭ پاچىقىمدەك كېلىدىغان كۆچەتنى بىر پەشۋا بىلەن سۇندۇرۇپ بېقىڭە، — دەپتۇ ھېلىقى بالا ياندىكى كۆچەتنى كۆرسىتىپ.

— ياق! — دەپتۇ ساتتار پوچى، — سەن مېنى جىنايەت ئۆتكۇز دېمەكچىمۇ؟ ھازىر «ئورمان قانۇنى» بار، كۆچەتنى سۇندۇرۇش جىنايەت!

بالىلار تەڭلا كۇلۇشۇپ كېتىپتۇ.

# تېخنە ۋە ھاڭگا تېرەك

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، باشقا ـ باشقا يۇرتتىن كەلگەن ئىككى يولۇچى مەلۇم شەھەرگە كەلگەندە بىر سارايغا چۈشۈپتۇ، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ياتاقتا چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدىكى ئاجايىپ ئىشلار ھەققىدە ماختىنىپتۇ.

— بىزنىڭ يۇرتتا شۇنداق بىر چوڭ تەڭنە بار، — دەپتۇ بىرىنچى يولۇچى، — ئۇنىڭ چوڭلۇقى خۇددى يوغان بىر كۆلدەك كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا سۇ توشقۇزسا، بىرەر ـ ئىككى يۈز بالا بىمالال سۇ ئۈزۈپ ئوينىيالايدۇ.

— بۇ ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىكەن، — دەپتۇ يەنە بىر يولۇچى، — بىزنىڭ يۇرتتا ئاجايىپ چوڭ بىر تۈپ ھاڭگا تېرەك بار، ئۇنىڭغا نەچچە يۈز ئادەمنىڭ غۇلچى يەتمەيدۇ. بۇ ھاڭگا تېرەك شۇنداق ئۆسكەنكى، ئۇچى ئاسمانغا تاقىشىپ قالغان. ئەمدىلىكتە يۇقىرىغا قاراپ ئۆسەلمىگەچكە، قايرىلىپ تۆۋەنگە قاراپ ئۆسۈۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇچى يەرگە تاقىشىپ قالسا قانداق قىلاركىن؟

— نەدىمۇ مۇنچىۋالا يوغان ھاڭگا تېرەك بولسۇن؟! — دەپتۇ بىرىنچى يولۇچى.

— ھەي بۇرادەر، — دەپتۇ ئىككىنچى يولۇچى، — ئەگەر مۇشۇنداق يوغان ھەم ئېگىز ئۆسكەن ھاڭگا تېرەك بولمىسا، سەن دېگەن ھېلىقىدەك يوغان تەڭنىنى قانداقمۇ ياسىغلى بولىدۇ؟

# ئورما

ئورما ھەققىدە گەپ چىقىپتىكەن، بىر پوچى دەپتۇ:

— تۇرپانىيۇزىدە مەنمەن دېگەن ئورمىچىلار بىلەن بەسكە چۈشۈپ قالدۇق. بېشىمنى كۆتۈرمەي سولنى ۋاڭشىتىپ كې-تىۋېرىپتىمەن، بىر چاغدا ئۆپچۆرەمدىن ماشىنىلارنىڭ «دۇت - دۇت»لىرى ئۇزۇلمەي ئاڭلانغىلى تۇردى. نېمە ئىش بولدىكىن، دەپ ئۆرە بولۇپ قارىسام، سول تارتىپ شىخوغا كېلىپ قاپ-تىمەن، باغ باغلايدىغانلار جىڭدا قاپتۇ.

*　　*

بىر كۈنى تۇرپانلىق دۇگامەت دەپتۇ:

— ھەي، ھازىرقى زاماننىڭ ياشلىرى بىر كۈندە بىر-مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇسا، ئاخشىمى بىلىنى ئالالماي، ۋايجانلاپ كېچىچە ئۇخلىماي چىقىدۇ. بىز دېگەن ياش چاغلى-رىمىزدا بۇغداي ئورۇساق، سۇرئىتىمىزگە شامالمۇ يېتىشەلمەي قالىدىغان...

— ھە، ھە، — دەپتۇ بىر ياش يىگىت، — دۇگامەتكا، ئۆزۈڭ ياش چاغلىرىڭدا بىر كۈندە نەچچە مو يەرنىڭ بۇغدى-

يىنى ئورۇيالايتتىڭ؟

— ئورغاق بىلەن ئورۇسام بەش - ئالتە مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇپ بولاتتىم. ئەگەرچەندە چالغا بىلەن ئورۇپ قالسام، مو سانىنى چىقارماق تەس ئىدى، — دەپتۇ دۇگامەت.

— زادى قانچىلىك ئورۇيالايتتىڭ؟

— مەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، شۇنىڭغا قاراپ مو سانىنى ئۆزۈڭ چىقىرىۋال، — دەپتۇ دۇگامەت، — بۇ ئۆتمۈش زاماندىكى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىز، ئىلى تەرەپتە بۇغداي ئېتىزلىرىدا باشاق كۆپ قالىدىكەن، شۇنى تېرىۋالسىمۇ بىرنەچچە تاغار بۇغداي قىلىۋالغىلى بولىدىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، بىرنەچچە كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئىلىغا باشاق تەرگىلى چىققاندۇق. بۇ ئىلىدا ئورما ئەمدىلا باشلانغان چاغلار ئىكەن. بىز بىر بۇغدايلىققا بېرىۋىدۇق، ئورما ئورۇۋاتقانلار بىزنىڭ تۇرپاندىن كەلگەنلىكىمىزنى بىلىپ «ئورما ئورۇيالمايدۇ» دەپ زاڭلىق قىلىشىپ: «سىلەر هازىرچە بىزگە باغ باغلىشىپ بېرىڭلار» دېدى. باغ باغلاش خوتۇن خەقنىڭ ئىشى - دە ! شۇڭا ئۇلارنىڭ گېپى بىزگە هار كەلدى. مەن: «قېنى چالغىنى بېرىڭلار، ئورۇپ باقايلى» دېدىم. ئۇلار ئۈچەيمىزگە ئۈچ چالغا بەردى. چالغىنى قولغا ئالغىنىمىزنى بىلىمىز، هەش - پەش دېگۈچىلا قۇيۇندەكلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتۇق. هەر بىرىمىز ئالغان سول بىر دەريادەك كېلەتتى. بىر چاغدا قۇلىقىمىزغا: «هەي، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىلەر؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ قارىساق، ئالدىمىزدا بىرنەچچە ئاتلىق قازاق يىگىتلەر تۇرۇپتۇ. بىز: «بۇغداي ئورۇۋاتىمىز» دېدۇق. قازاق يىگىتلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ: «نەدە بۇغداي ئورۇۋاتىسىلەر؟» دېدى. بىز: «ئىلىدا»

دېدۇق. ئۇلار تېخىمۇ كۇلۇپ: «بۇ ئىلىنىڭ بۇغدايلىقى ئە-
مەس، ئالتاينىڭ يايلىقى، سىلەر بىزنىڭ ئوت - چۆپلىرىمىز-
نى ئورۇۋاتىسىلەر» دېدى. راست دېگەندەك، قارىساق، پايانسىز
ئوت - چۆپلۈكتە تۇرۇپتىمىز. قارىمامسەن، بىز ئىلىدا ئور-
مىغا چۈشكەن ئادەم ھەش - پەش دېگۈچە باش كۆتۈرمەي ئو-
رۇپ، نەچچە يۈز چاقىرىم ئارىلىقنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئالتاي
يايلىقىغا كېلىپ قاپتۇق ئەمەسمۇ! قېنى، ئۇكا، ئۆزۈڭ ھې-
سابلىۋال، بىر چاي قاينىغۇچىلىك ۋاقىتتا ئاشۇنچىۋالا يەرنىڭ
بۇغداي، ئوت - چۆپلىرىنى ئورۇۋەتكەن تۇرساق، بىر كۈندە
قانچىلىك يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئوروپ بولىدىكەنمىز؟

# ئەقىللىق كالا

سورۇن دېگەندە نېمە گەپ بولمايدۇ دەيسىز. بۈگۈنكى سورۇندىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئات - ئېشەكلىرى، ئىت - مۈشۈكلىرىنىڭ «ئەقىللىقلىقى» ھەققىدە سۆزلەپلا كەتتى. خېلىدىن بۇيان گەپكە ئارىلاشماي ئولتۇرغان سەمەتقارىنىڭ بىردىنلا ئاغزى قىزىپ قالدى:

— ھەي، بۇنىڭ نېمىسىنى دەيسىلەر، ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش. ھايۋانلارنىڭ بەزىلىرىمۇ خۇددى ئادەم ئۆگەنتىپ، ئوقۇتۇپ قويغاندەكلا ئەقىللىق بولىدۇ. مەن سىلەرگە دېسەم، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ سىيىر تۇغۇپلا ئۆلۈپ قالدى. ئۇنىڭ موزىيىنى بىزنىڭ بالىنىڭ ئانىسى ئېمىزگۈدە سۈت ئەمدۈرۈپ باقتى. ئەنە شۇ موزاي كېيىن ئاجايىپ ئەقىللىق كالا بولدى. كالا بولا، ئەمما مېنىڭ ئاشۇ كالامدەك ئەقىللىق بولۇشى ناتايىن. ئەتىگەنلىكى سىرتقا چىقىرىۋەتسەك قوناقلىق ياكى كېۋەزلىككە بارىدۇ - دە، بىرەر تال زىرائەتكىمۇ زىيان يەتكۈزمەي، ئوت - چۆپلەرنىلا يەيدۇ. بىرەر ئېرىققا چۈشۈپ قالسا، ئىككىلا قاسناقتىكى ئوت - چۆپنى يېمەي، بىر تەرەپتىكىنىلا يەيدۇ.

— شۇنىڭغا قارىغاندا، كالاڭنىڭ بىر كۆزى چاتاقمۇ نېمە، سەمەتقارىكا؟ — دېدى سورۇندىكىلەردىن بىرى.

— ئۇقماي تۇرۇپ قارىغۇلارچە سۆزلىمە، ئۇكا، — دېدى سەمەتقارى سەل چىچىلغاندەك بولۇپ، — گەپ ئۇنىڭ كۆزىدە ئەمەس، ئەقلىدە. كۆز دېسەڭ ئاپقۇر چىنىدەك دېسەم لاپ بولار، ئەمما نەق پىيالىدەك، ئوت يېنىپ، نۇر چاقناپ تۇرىدىغان كۆزى بار. كىچىسى قارىساڭ، ماشىنىنىڭ چىرىغىدەكلا ئىدى. كىچىلىرى ئېغىلغا يەم - خەشەك بەرگىلى كىرىپ قالساق، چىراغ كۆتۈرۈپ كىرىشىمۇ ھاجەتسىز ئىدى. ھە، ئۇنىڭ بىر قاسناقتىكى ئوت - چۆپنى يېمەسلىكى ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقىدا... ئېرىقنىڭ بېشىغا چىقىپ قايتاشىدا ياكى ئەتىسى يەنە بىر قاسناقتىكى ئوت - چۆپنى يېمىسە، ئەمىسە ئوت - چۆپ ئىزدەپ سىېنىڭ ئۆيۈڭگە كەتسە بولامتى؟

سورۇندىكىلەر ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشتى، بەزىلەر دومىلاپ كەتتى. بىرى:

— سەمەتقارىكا، ئۇنداقتا ئۇ كالاڭ تازا سۇتلۇك بولغىيتتى؟ — دەپ سورىدى.

— سۇتلۇك بولمىسا، مەن ئۇنداق كالىنى نېمىدەپ باقاتتىم؟ سۆلەتكىمۇ؟

— يەڭگىمىز بىلەن ئۇياق - بۇياققا كېتىپ قالساڭ، كالاڭنى كىم سىغىپ قوياتتى؟

— ئەمدى گەپنىڭ نەق ئۆزىگە كەلدىڭ، ئۇكا، — دېدى سەمەتقارى خۇش بولۇپ، — مېنىڭ كالامنىڭ ئەقىللىقلىقى مانا مۇشۇ يەردە. ناۋادا بىز بازارغا ياكى مېھماندارچىلىققا كېتىپ قالساق، كالىنى ساغىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ قالسا، بىزنىڭ ئۇ كالا ئۇدۇل قازاننىڭ قېشىغا باراتتى - دە، قازاننىڭ تۇۋۇقىنى تىلى بىلەن بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، سۇتىنى تويتوغرا قازانغا تۆكەتتى.

# ئاسمانغا چىقىش

بىر كۈنى ئۆزىنى ئەقىللىق ھېسابلايدىغان ئىككى ئادەم ئۇچرىشىپ قاپتۇ ـ دە، لاپ ئۇرۇشۇپتۇ.

— مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق، — دەپتۇ بىرىنچىسى، — بارىمەن دېگەن يېرىمگە بارالايمەن.

— قېنى دەپ بېقىڭا، قانداق يەرلەرگە بارالىدىڭىز؟ — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— مەن ھەر كۈنى كېچىسى ئاسمانغا ئۇچۇپ، ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىمەن ـ دە، جەننەتتە بەھۇزۇر سەيلە ـ تاماشا قىلىمەن...

ئىككىنچىسى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— سىز سامادا سەيلە ـ تاماشا قىلىپ يۈرگەندە يۈز ـ كۆزىڭىزگە يامغۇر ياغقاندەك بولمىدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يامغۇر ياغقاندەك بولدى، — دەپتۇ بىرىنچىسى.

— ھە، بىلەمسىز؟ — دەپتۇ ئىككىنچىسى، — ئاشۇ يامغۇردەك چۈشكىنى مەن پەرىشتىلەر بىلەن ئويناشقاندا چې ـ چىشقان سۇ !



# توغرا مۆلچەرلەش

— ھەرەمباغدا سوقۇش بولۇۋاتاتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە گومىنداڭنىڭ بىر ئايروپىلانى كېلىپ پىلىموتتىن ئوق ياغ- دۇرۇشقا باشلىدى. بۇ كاساپەت ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرۈپ، بىز- نى باش كۆتۈرگۈزمىدى. كوماندىرىم: «ھەي ئازنىۋاقى، بۇ كاساپەتكە بىر ئامال قىلساڭچۇ !» دېدى. شۇ چاغدا بۇ ئايرو- پىلان ئىككىنچى قېتىم ئايلىنىپ، يۈز مېتىر يىراقتىن شۇڭغۇپ كېلىۋاتاتتى. مەن بېلىمدىن بىر گراناتنى ئېلىپلا مۆلچەرلەپ تۇرۇپ ئاسمانغا ئاتتىم. گرانات ئايروپىلاندىنمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ، ئاندىن پەسلىدى...

— تەگكۈزەلمەيسەن - دە ! — دېدى ئابدۇباقى.

— نېمىشقا تەگكۈزەلمەيدىكەنمەن ! گرانات دەل ئۇچقۇ- چىنىڭ كابىنكىسىغا چۈشۈپ پارتلىدى، دېگىنە !

— ماڭە، پوچى ! ئۇچقۇچىنىڭ كابىنكىسى ھەم يېپىق- لىق تۇرسا، گرانات ئۇنىڭ ئىچىگە قانداق چۈشىدۇ؟

— ئۇچقۇچى شۇ چاغدا چەككەن تاماكىسىنى تاشلىۋېتىش ئۈچۈن ئەينەكنى ئاچقانىكەن.

— يالغان سۆزلىمە ! ئايروپىلان ئىچىدە تاماكا چېكىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ !

— ھەي ئەخمەق، ئۇنىڭ تاماكا چەككىنىنى مەندىن باشقا كىم كۆرەتتى !

# يوغان ئېغىز

ئىككى پوچى پو ئېتىشىپ قاپتۇ.

— بىزنىڭ يۇرتتا شۇنداق ئېگىز بىر ئادەم باركى، ئۇنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقىشىدۇ، — دەپتۇ بىرى.

— بىزنىڭ يۇرتتىكى بىر ئادەم، — دەپتۇ يەنە بىرى، — شۇنداق يوغان ھەم ئېگىزكى، ئۇنىڭ ئۇستۇنكى كالپۇكى ئاسمانغا، تۆۋەنكى كالپۇكى يەرگە تاقاشقان.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ بەدىنى قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ بىرىنچىسى.

— مەن ئۇنىڭ ئاشۇ يوغان ئېغىزىنىلا كۆرەلىدىم، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

# ئىسسىق ۋە سوغۇق

بىر كۈنى بىر تۆرپانلىق بىلەن بىر غۇلجىلىق ئۆز يۇرت-لىرىنى ماختىشىپ قاپتۇ.

— بىزنىڭ يۇرت ئاجايىپ ئىسسىق يۇرت. ئۇ يەردە شۇنداق ئىسسىق بولىدۇكى، توخۇلار تۇخۇم تۇغۇشقا باشلى-غاندا، تۇخۇملار يەرگە چۈشۈپ بولغۇچىلا پىشىپ قالىدىكەن دەپ، كۈچلۈك شامال چىقىرالايدىغان شامالدۇرغۇچنى مېكى-يانىنىڭ كەينىگە توغرىلاپ قوياتتۇق. مانا ئەمدىلىكتە توخۇلار-نى توڭلاتقۇغا سېلىپ تۇغدۇرىدىغان بولدۇق، — دەپتۇ تۆرپان-لىق كىشى.

— ھەي، بىزنىڭ يۇرتمۇ ئاجايىپ، — دەپتۇ غۇلجىلىق، — ئۇ يەردە شۇنداق سوغۇق بولىدۇكى، بىز سىيىرلارنى ساغقاندا، سۈت چېلەككە چۈشۈپ بولغۇچە مۇزلاپ قال-مىسۇن دەپ، سىيىرلارنىڭ ئاستىغا ئوت قالاپ قويىمىز.

# بوجى ئالۋاستى

بۇرۇنقى زاماندا پو ئېتىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئالۋاستى بولغانىكەن، ئۇ ئۆزىنى پو ئېتىشقا ماھىر، تەڭدىشى يوق ھېسابلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ پو ئېتىشنى ياخشى كۆرىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، شۇنداقلار بىلەن تازا بىر بەسلىشىپ باقماقچى بوپتۇ - دە، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھوي، ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟ — دەپ توۋلاپتۇ. ئۆيدىن بىر كىچىك بالا چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپ:

— ھە، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دەپتۇ ئەدەپ بىلەن.

— مەن پو ئېتىشقا ماھىر ئالۋاستى، ئۆيۈڭلەردە چوڭ ئادەم بولسا، پو ئېتىشتا بەسلىشىمەن، — دەپتۇ ئالۋاستى.

كىچىك بالا قىلچە تەمتىرىمەستىن:

— ئابايا بوران چىقىپ بىر تاغنى ئۆرۈۋەتكەنىكەن، دادام ئۇنى كالتەك بىلەن تىرەپ قويغىلى كەتتى، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا ئاناڭچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئالۋاستى.

— سەن تېخى بىلمەمسەن؟ — دەپتۇ بالا، — تاغ ئاسمانىنى يىرتىۋەتكەنىكەن، ئانام ئىككى بۈرگىنىڭ تېرىسىنى ئېلىپ ئاسماننى يامىغىلى كەتتى.

پوچى ئالۋاستى، ئىش چاتاقمۇ نېمە، دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

— ھەي، مەن ئەسلىدە چوڭ بىر قوڭغۇراقنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، ئابايا چىققان قاتتىق بوران ئۇنى ئۇچۇرۇپ كەتكەن. ئۇ ئېغىرلىقى ئۈچ مىڭ پاتمان كېلىدىغان قوڭغۇراق، سەن كۆردۈڭمۇ؟ — دەپتۇ.

— ھە، ھېلىقى قوڭغۇراقمىدى، مەن ئۇ قوڭغۇراقنىڭ بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى ئورمانلىقتا ئۆمۈچۈك تورىغا ئىلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن، — دەپتۇ بالا.

— راست دەۋاتامسەن؟

— مەن ئەزەلدىن يالغان ئېيتقان ئەمەسمەن، ئۆمۈچۈك بالىلىرى ئۇنى خۇددى بىر تال كۇنجۇتتەك ئۇياق - بۇياققا ئىتتىرىپ ئويناپ يۈرەتتى، — دەپتۇ بالا.



بۇ گەپنى ئاڭلىغان پوچى ئالۋاستى، ئىنسانلارنىڭ كىچىك بالىسىمۇ مۇنچىۋالا يامان بولسا، چوڭلارغا ھەرگىز گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمىغۇدەك، قارىغاندا، ئىنسانلار پو ئېتىشتا ئالۋاستىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىكەن، دەپ ئويلاپتۇ - دە، بەسلىشىش نىيىتىدىن يېنىپ غىپپىدىلا قايتىپ كېتىپتۇ.

# ئوخشىغان ئاپتاپپەرەس

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، قەشقەرلىك بىر سودىگەر بايغا بىرىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. ئۇ كەچقۇرۇن تاماقتىن كىيىن زىرىدىكىپ سارايۋەننى گەپكە سالپتۇ:

— ئاڭلىسام، بايدا ياڭيۇنى بەك ئوخشايدۇ، دەيدۇ، راستمۇ؟

سارايۋەن گەپكە ئۇستا ئادەم ئىكەن. سودىگەرنىڭ سوئالى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئىغىزى ئىچىلىپلا كىتىپتۇ:

— ۋاي، ئۇنى بىر دىمەڭ، باينىڭ يەرلىرى كارامەت خاسىيەتلىك يەر، ئادەم تىرىسىمۇ تەھقىق ئۇنىدۇ. ياڭيۇ دىگەن ئەنجان كاۋىسىدەك يوغىنايدۇ، ھەربىرى يەتتە - سەككىز جىڭ كىلىدۇ. باشقا زىرائەتلەرمۇ قالتىس ئوخشايدۇ. ئۆتكەن يىلى باغنىڭ بىر بۇرجىكى ئاق قالغانىكەن، بوش تۇرغۇچە دەپ ئاپتاپپەرەس تىرىپ قويدۇم. كاساپەت بۆلەكچىلا ئايىندى، ئۇنىڭ بىشى تۆگمەن تىشىدەك، يوپۇرمىقىنىڭ ھەر بىرى يوغان قازاننىڭ تۈۋىقىدەك بولۇپ كەتتى.

— ھەي، پو ئاتماڭ، — دەپتۇ سودىگەر.

— پو ئاتقىنىم يوق. بىر كۈنى ئۆيىمىزگە بىر توپ ئايال مىھمانلار كەلدى. تاماق تارتىپ بولۇشىمىزغا بىر ئايال ئۇياق - بۇياققا قاراپ: «ۋاي، بالام يوق، بالام نەگە كەتكەندۇر؟» دەپ

ھەممىمىزنى ئۆرە - قوپ قىلىۋەتتى. ئىزدە - ئىزدە، ئاقتىد. مۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق. ئايال ھويلىنى بېشىغا كىيىپ يىغ. لىغىلى تۇردى. بىز: «ئالدىرىماڭ، يىغلىماڭ، تېپىلىپ قالار...» دەپ تەسەللى بەردۇق. ئاخىر باغقا چىقىپ ئىزدىدۇق. بىر چاغدا: «ئانا، مەن ماۋۇ يەردە» دېگەن كىچىك بالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. ھەممىمىز ئاۋاز چىققان تەرەپكە — ئۆگ. زىگە قارىدۇق، ھېچكىم يوق. يەنە ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل شاخلىرىغا قارىدۇق، ئۈيەردىمۇ يوق. «ۋاي بالام، سەن نەدە؟ ئادەمنى مۇنداق قورقۇتمىغىنا!» دەپ توۋلاشتۇق. يەنە: «مانا، مەن ماۋۇ يەردە!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇنداق زەن سېلىپ قارىسام، ھېلىقى بالا ئۆگزە بويى ئۆسكەن ئاپتاپپەرەسنىڭ ئۈچىدىكى بىر يوپۇرماقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. بالىنىڭ ئا. نىسى ۋە باشقا مېھمان ئاياللار ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ: «ۋاي خۇدايىمەي، بۇ نېمىدېگەن ئوخشىغان ئاپتاپپەرەس!» دېيىش. تى. مەن ئاپتاپپەرەسكە شوتىنى قويۇپ بالىنى سالامەت چۈ. شۈرۈۋالدىم.

— ئوھۇي، كارامەت ئايىنغان ئاپتاپپەرەس ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھەربىر تال دېنىمۇ ئۆرۈك مېغىزىدەك بار ئىكەن - دە؟ — دېدى سودىگەر.

— ئۆرۈك مېغىزىدەك دەيسىزغۇ! ھەربىر تال دېنى راسا ئوخشىغان بادامدەك بار، شۇنداق چاقسىڭىز «كاراسسىدە» چې. قىلىدۇ، مېغىزى ئاغزىڭىزغا تولىدۇ!

# لايچىنى جايلىغان بابچى

بۇرۇنقى زاماندا چەرچەن دىيارىدا بىر لاپچى بولغانىكەن. شۇ يۇرتتا ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشەلىگۈدەك باشقا لاپچى يوق ئىكەن. ئۇ يۇرت ئارىلاپ جىق شەھەرلەرگە بېرىپتۇ، كۆپ لاپچىلارنى يېڭىپ بەك كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ. ئاخىر شەھىرى قەشقەردە موللاخۇن دېگەن بىر لاپچى بارلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بەسلەشمەكچى بولۇپ قەشقەرگە كەپتۇ ۋە ئاخىر سوراشتۇرۇپ موللاخۇننىڭ ئۆيىنى تېپىپتۇ. ئىشىكنى سەككىز ياشلاردىكى بىر ئوغۇل ئېچىپتۇ ۋە:

— قېنى، تاغا، ئۆيگە كىرسىلە، — دەپتۇ.

— ئۆيدە داداڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ لاپچى.

— يوق.

— نەگە كەتتى؟

— دەريا بويىغا.

— ئۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟

— باققان تورغايلىرىمىزنى سۇغارغىلى كەتكەن.

— تورغايلارنى سۇغارغىلى؟ ئېشەك، كالىنى سۇغىرىدۇ، تورغاي دېگەننىمۇ سۇغىرامدۇ؟

— ھەي، سىلى بىلمەيدىكەنلا، بىزنىڭ تورغايلارنىڭ ئال-

دىدا كالا دېگەن چۆمۆلىدەكلا نەرسە.

— مەن داداڭ بىلەن تونۆشۆپ، يار - بۆرادەر بولۆش ئارزۆسىدا سوۋغات ئۆچۆن بىر گىلەم ئالغاچ كېلىۋىدىم، داداڭ بۆ گىلەمنى تاپشۆرۆۋالسا بولاتتى، — دەپتۆ لاپچى.

— گىلەملىرى قانچىلىك كېلەر؟

— ئۆزۆنلۆقى يىگىرمە گەز، كەڭلىكى ئون ئالتە گەز.

— ۋاي، بەك بەلەن بوپتۆ. بىر تورغاينىڭ پۆتى سۆنۆپ كەتكەنىكەن، دادام بايىلا شۆنچىلىك لاتا ئىزدەپ يۆرەتتى. گىلەملىرى دەل شۆ تورغاينىڭ پۆتىنى تاڭغىلى يەتكۆدەك، — دەپتۆ بالا.

چەرچەنلىك لاپچى، بالىسى شۆنچە زېرەك بولسا، دادىسىغا زادىلا تەڭ كېلەلمىگۆدەكمەن، دەپ كېتىپ قاپتۆ.

# گىلەمگە ياماق سېلىش

قەدىمكى زاماندا خوتەن ۋىلايىتىدە پالتۇ لاپ دەپ بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن، ئۇ ھەمىشە كىشىلەرگە لاپ سۆزلەرنى قىلىدىكەن. ئۇنىڭ لاپلىرى نۇرغۇن شەھەرلەرگە تارقىلىپتۇ. بۇخارائى شېرىپتا ئۇستا ھېيت ئىسىملىك بىر ئادەم بار ئىكەن، بۇ ئادەممۇ داڭقى چىققان لاپچى ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇستا ھېيت: «خوتەن ۋىلايىتىدە پالتۇ لاپ دەپ بىر ئادەم بار ئىمىش. لاپ ئېيتىشتا ناھايىتى ئۇستا ئىمىش» دەپ ئاڭلاپتۇ. ئۇستا ھېيت خوتەنگە بېرىپ پالتۇ لاپ بىلەن سۆزلىشىپ كېلىمەن، دەپ بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ خوتەنگە يېتىپ كەپتۇ ۋە پالتۇ لاپنىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ ـ سوراپ تېپىپتۇ. ئۇ پالتۇ لاپنىڭ ئىشىكىنى قېقىپ: «پالتۇ لاپ ئاكا» دەپ چاقىرىپتۇ. بۇ چاغدا پالتۇ لاپ ئۆيدە يوق ئىكەن. ئۇنىڭ ئون تۆت ياشلىق قىزى بار ئىكەن. ئۇ قىز ئۇستا ھېيتنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— ھەي ئاكا، سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇستا ھېيت:

— پېقىر بۇخارادىن كەلدىم. دادىڭىز بارمۇ؟ — دەپتۇ.

پالتۇ لاپنىڭ قىزى:

— ئاتام ئۆيدە يوق، ئۇ سەھەردە ئاسمانغا چىقىپ كەتكە-

ىندى، تېخى قايتىپ چۈشمىدى. سۆزىڭىز بولسا ماڭا دەڭ، ئاتام كەلگەندە دەپ قوياي، — دەپتۇ. ئۇستا ھېيت:

— مەن ئاتىڭىزنىڭ دوستى بولىمەن. ئاتىڭىزغا بۇخارا-دىن بىر گىلەم سوۋغات ئەكەلگەنىدىم. گىلەمنىڭ بىر ئۇچى خوتەنگە كەلدى، ئايىغى تېخى بۇخارادىن چىققىنى يوق، — دەپتۇ. قىز:

— ئاكا، سىزگە ھەشقاللا - رەھمەت، ناھايىتى ياخشى گىلەم ئەكەپسىز، بىزگە ئاشۇنداق گىلەم لازىم ئىدى. تۈنۈگۈن ئاخشام دادام چىلىم چېكىپ ئولتۇرۇپ، چىلىمنىڭ ئوتى چۈشۈپ كېتىپ، بىزنىڭ ئۆيدىكى گىلەمنىڭ كىچىككىنە يې-رى كۆيۈپ قالغانىدى. ئەكەلگەن گىلىمىڭىز بىزنىڭ ئۆيدىكى كۆيگەن گىلەمگە ياماق بولغۇدەك ئەمەسمە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قىزنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۇستا ھېيت ناھايىتى ئىزا تار-تىپ، پالتۇ لاپىنىڭ قىزى مۇنداق ئۇستا لاپچى بولسا، ئاتىسى قانچىلىكتۇ؟ ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگۈدەكمەن، دەپ ئويلاپ، پالتۇ لاپىنىڭ كېلىشىنىمۇ ساقلىماي بۇخاراغا قايتىپ كېتىپتۇ.

# خورازنىڭ كارامىتى

— بىزنىڭ مەھەللىدە بىر پالۋان يىگىت بار، — دەپ گەپ باشلىدى ئولتۇرۇش راسا قىزىغاندا گەپچىلەرنىڭ بىرى، — پاتقاقتا پېتىپ قالغان ماشىنىلارنى ئۆزى يالغۇز سۆرەپلا چىقىرىۋېتىدۇ.

— بۇ ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىكەن. بىر ئادەمنىڭ ما-شىنىنى پاتقاقتىن سۆرەپ چىقارغىنىنى ماختىغۇدەك ئىش ئە-مەس، تېلېۋىزورلاردىمۇ كۆرسىتىۋاتىدىغۇ، پالۋانلار ماشىنىنى چاتقان ئارغامچىنى چىشىدا چىشلەپلا سۆرەپ يۈرىدۇ. مېنىڭ شۇنداق بىر پالۋان خورىزىم بار، — دېدى يەنە بىرى، — چوڭلۇقىنى موزايدەك دېسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ. پۇتلىرى بى-لەكتەك، دوكۇرۇكلىرى قوچقارنىڭ مۈڭگۈزىدەك كېلەتتى. ئاشۇ خورازدىن قورقۇپ، ئىشىكىمىز ئالدىدىن پىيادە تۇرماق، ئاتلىق ئادەملەرمۇ ئۆتەلمەيتتى. بىر كۈنى مەھەللىمىزدىكى ئىتباز مەتۋاقىنىڭ ئۈچ مىڭ يۈەنگە ئالغان ئىتى ئىشىكىمىز ئالدىغا كېلىپ قالغانىكەن، خورىزىم بىرلا پەشۋا ئۇرۇپ ئۆل-تۈرۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جىق دىشۋارچىلىق تارتىۋالغا-نىدىم. بىر كۈنى بازاردىن قايتىپ ئۆيگە كېتىۋاتسام، بىر پىكاپ پاتقاقتا پېتىپ قاپتۇ. پىكاپنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرگەنلەرگە قارىسام، ئۇلارنىڭ بىرى بىزنىڭ مەھەللىدىن

شەھەرگە كىرىپ سودا قىلىۋاتقان قۇناخۇن ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ: «بۇ يەردىن بىرەر تراكتور - پراكتور تاپقىلى بولار-مۇ؟ پىكاپنى چىقىرىپ بەرسە، ھەققىنى تۆلىسەك» دېدى. «ھەي قۇناخۇن، مۇشۇنىڭغىمۇ تراكتور كېتەمدۇ؟ ئەقلىڭلار بەكلا كالتە ئىكەن» دېسەم، «ئەمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇنىڭ باشقا چارىسى بارمۇ؟» دېدى. «بۇنىڭ ئامالى ئاسان، سەل تەخىر قى-لىپ تۇرۇڭلار، مەن ھازىرلا كېلىمەن» دېدىم - دە، ئۆيگە بېرىپ بىر پارچە خورازنىڭ رەسىمىنى ۋە ھېلىقى خورىزىمنى ئەكەلدىم. ئۇلار مېنى ھېچبولمىغاندا بىرەر - ئىككى ئۆكۈز ياكى بەش - ئالتە ئادەم باشلاپ كېلەر دەپ ئويلىۋېدىمىكىن، خوراز ئەكەلگىنىمنى كۆرۈپ: «بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ بىزنى بۇ يەردە خوراز سوقۇشتۇرىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭىزمۇ؟» دې-يىشتى. «بۇ ياققا كېلىڭلار، — دېدىم مەن خورازنىڭ كۆزىنى چاپىنىم بىلەن توسۇپ تۇرۇپ، — سىلى مانا بۇ خورازنىڭ



رەسىمىنى پىكاپىنىڭ كەيىنىگە چاپلاپ قويۇپ، ئۆزۈڭلىنى چەتكە ئېلىڭلار.» راسا قانات قېقىپ، قىچقىرىپ تۇرغان خورازنىڭ رەسىمىنى پىكاپىنىڭ كەيىنىگە چاپلاپ بولۇپ، ئۇلار ھەيران بولۇشۇپ بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇرۇشتى. مەن خورازنىڭ بېشىنى چاپانىنىڭ پېشىدىن چىقىرىپ پىكاپىنىڭ كەيىنىگە تاشلىدىم. ئۇ پىكاپقا چاپلانغان رەسىمدىكى خورازنى كۆرۈپ، راسا بىر تۇگۇلدى – دە، گەجگە تۈكلىرىنى ھۈرپەيتىپ، كەينىگە داجىپ تۇرۇپ، پىكاپتىكى خورازغا شۇنداق بىر پەشۋا ئاتتىكى، پىكاپ ئىككى موللاق ئېتىپ، پاتقاقنىڭ ئۇ تەرىپىگە توغرىسىغا دەسسەپ تۇرۇپ قالدى.

# بوياق يەر تۆۋىنى ئىكەن

— ئوسمان، سەن ئايروپىلانغا چۈشكەنمىدىڭ؟

— چۈشكەن.

— ھە، دەپ باققىنا، قانداق ئىكەن؟

— بىر يىلى ئەترەتنىڭ ئىشى بىلەن بېيجىڭغا بېرىشقا توغرا كېلىپ قالدى. بىر تونۇشنىڭ ئايروپىلانغا چۈشۈۋال-دىم. ئايروپىلاندا پۇتۇمنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرسام، ئۇچقۇچى ئاغىنە: «ئوسمان، يىقىلىپ چۈشمىگىن يەنە» دەيدۇ. «قورقما، ھەر يۈگۈرۈك ئاتلارنى قوشقان خادىك ھارۋىلاردىن يىقىلىپ چۈشمىگەن يەردە، سېنىڭ ئايروپىلانىڭدىن يىقىلىپ چۈشەت-تىممۇ» دېدىم. ئايروپىلان يولىنىڭ كاتتىمۇ يامان ئىكەن. تولا جالاقشىتىپ ئۈچەي - باغرىمنى قوچۇۋەتتى. شۇنداق قى-لىپ، ئۈچ سائەتتىلا بېيجىڭغا باردۇق. بىر دەڭگە چۈشتۇق. دەڭجا لوخەننىڭ ئايالى ئوبدان خوتۇن ئىكەن، ئاۋۋال چاچتەك سوزۇپ بىر تەخسىدىن لەڭمەن قىلىپ بەردى، كەينىدىن ئوخشىتىپ بىر كورا ئەتكەنچاي ئېتىپ بەردى. چېيىنى ئى-چىپ، شامىسىنى راسا چاينىۋىلىپ، ئىشىمىزنى پۈتتۈرۈپ، نامازدىگەرنى ئوقۇۋىلىپ قايتتۇق. يولدا ئايروپىلان بۇلۇتقا پېتىپ قېلىپ، پىشاڭ سېلىپ ئاران چىقاردۇق. شۇنداقتىمۇ

ئنككى يېرىم سائەتته يېتىپ كەپتۇٌق.

ـــ هوي، ئۇٌچ سائەتته باردۇٌق دەۋٌاتاتتىڭ، قايتقاندا ئەجەب تېز كەپسلەرغۇٌ؟

ـــ بۇٌياق يەر تۆۋٌنى ئنكەن ئەمەسمۇٌ ! ـــ دەپتۇٌ ئوسمان بۆره.

# كۆك ئات

— بىر چاغلاردا مېنىڭ بىر كۆك ئېتىم بولىدىغان، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ئوسمان بۆرە، — ئات ئەمدى ـ دە، جانىۋار. بۇ ئات سېنىڭ قولۇڭغا قانداق چۈشۈپ قالدى، دېمەمسەن. بىر كۈنى بازارغا كىرسەم، نۇرغۇن ئادەم بىر ياۋىداق ئاتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋاپتۇ. ئاتنىڭ ئىگىسى: «ئەگەر كىم مۇشۇ ئاتنى مىنىپ كوچىنىڭ بېشىغىچە چاپالىسا، ئات شۇنىڭ، بولمىسا، بىر ئاتنىڭ پۇلىنى تۆلەيدۇ» دەپ ۋارقىراۋاتىدۇ. شۇنداق قارىسام، ئات جانىۋارنىڭ ئىككى كۆزى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدۇ، ئالدىدىن كەلگەننى چىشلەيدۇ، ئارقىدىن كەلگەننى تېپىدۇ، ئۆمرىدە بېشىغا يۈگەن چۈشمىگەن، ئۇستىگە ئادەم مىنمىگەن شاش ئات ئىكەن. ھەر «مانا مەن» دېگەن ئوغۇل باللار مىنمەك تۇگۇل ئاتنىڭ يېنىغا كېلەلمەيۋاتىدۇ. ئۆزۈمنىڭمۇ تازا قارام چاغلىرىم ئىدى. توختا، مەنمۇ تەلىيىمنى بىر سىناپ باقمايمۇ، دېدىم ـ دە، مەيدانغا كىردىم. ئاتنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئات ماڭا قىيا قاراپ «خارت ـ خارت، خارت ـ خارت» قىلدى. دۈمبىسىنى ئاستا سىلىسام، پۈتۈن ئەزايى قىلدەك تىترەپ تۇرىدۇ. «شارتلا» قىلدىم، ئۇستىگە مىنىۋالدىم. دەسلەپتە ئات سەزمەي قالدى، كېيىن چىچاڭشىپ، شۇنداق پىرقىرىغىلى باشلىدىكى، بەئەينى پىرىگە

چۈشكەندەك بولدۇم. چىچاڭشىغىنىمغا قويامدىمەن دەيسەن. يا-
لىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، ئۈستىگە مىختەك چاپلىشىپ دېۋد-
تىۋىدىم، ئات دېگەن جانىۋار ئوقتەك ئۇچتى. بىردەمدىن كې-
يىن ئارقامغا قارىسام، بازارمۇ كۆرۈنمەي قالدى. ئات توپ-
توغرا تاغقا قاراپ چېپىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇنداق چېپىپ كې-
تىۋاتىدۇكى، ئەتراپتىكى ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ،
توختايدىغاندەك ئەمەس. «قېنى، قانچىلىك چاپىدىكەنسەنكىن؟»
دەپ قويۇپ بەردىم. بىر چاغدا تاغقىمۇ يېتىپ كەلدۇق. قارى-
سام، يىراقتا ياۋا توڭگۇز قوغلاپ كېتىۋاتقان بىر بۆكەن كۆ-
رۈندى. بۆكەننى بىلەمسەن؟ ئۇ شۇنداق يۇگۈرۈك نېمىكى،
ھېچنېمىنى ئۆزىگە يەتكۈزمەيدۇ، دېگىنە. ئاتنىڭ بوينىنى
سىلاپ قويۇۋىدىم، ئات دېگەن جانىۋار ئۇچتىكى، ياۋا توڭگۇز-
دىن ئۆتۈپ، بۆكەنگە ھەش ـ پەش دېگۈچىلا يېتىشىۋالدى.
ئاتنىڭ ئۈستىدىن ئېڭىشىپ تۇرۇپ بۆكەننىڭ گەجگىسىدىن
تۇتتۇم ـ دە، يەردىن يۇلۇۋېلىپ غانجۇغىغا باغلىۋالدىم. ئاڭ-
غىچە ئالدىمىزدا قېلىن ئورمانلىق كۆرۈندى. ئات توپتوغرا
ئورمانغا قاراپ ئېپقېچىۋاتىدۇ. ئورمانغا كىرىپ كېتىپ قال-
سام، گۆشلىرىم قارىغاي پۇتاقلىرىدا قالىدىغانلىقى ئېنىق.
تازا كۈچۈمگە كەلگەن چاغلىرىم ئىدى، تىزگىنىنى تارتىۋىد-
دىم، ئاتنىڭ ئىككى جاۋغىيى يىرىلىپ قۇلىقىغىچە كەلدى.
ئات كەينىگە قايرىلىپ چېپىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قى-
لىپ، يەنە بازارغا قايتىپ كەلدىم. كىشىلەرمۇ تېخى تارقىلىپ
كەتمەي، مېنى قايسى تەرەپتىن كېلىدىكىن، دەپ ئەتراپىمغا
قاراپ تۇرۇپتىكەن. بازار بىلەن تاغنىڭ ئارىلىقىنىڭ قانچى-
لىكلىكىنى بىلەمسەن؟ ياخشى يۈرۈشلۈك ئات بولسا، بېرىپ
ـ كېلىشكە ئىككى كۈن كېتىدۇ. مەن بولسام كۆك ئات بى-
لەن بىر ئاش پىشىمدا بېرىپ كېلىپ بولدۇم. ئەگەر بۆكەننى

ئەكەلمىگەن بولسام، مېنىڭ تاغقا بېرىپ كەلگىنىمگە ھېچكىم ئىشەنمىگەن بولاتتى. كۆك ئات شۇنداق قىلىپ مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالغان.

— سىنىڭ باشتىكى سۆزۈڭگە قارىغاندا، ئۇ ياۋىداق ئات ئىدى. ئاخىرىغا كېلىپ غانجۇغىنىڭ، تىزگىنىنىڭ گېپى چىدقىپ قالدىغۇ؟ — دەپتۇ گەپ خۇمارلاردىن بىرى.

— سەن بىز كۆرگەن ئىشلارنىڭ مىڭدىن بىرىنى كۆرمىگەن تۇرساڭ، نېمىنى بىلەتتىڭ ! — دەپتۇ ئوسمان بۆرە ئۇنىڭغا مەنسىتمىگەندەك قاراپ.



# تورپاقتەك خوراز

— بىر خورىزىم بار ئىدى، دېگىنە، — دەپتۇ ئوسمان بۆرە، — ئۆكۈزدەك دېسەم لاپ بولۇپ كېتەر، لېكىن تورپاقچىلىك بار ئىدى. مەيلى كېچىسى، مەيلى كۈندۈزى ھويلىغا يات ئادەمنى يولاتمايتتى، ھەتتا بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولغانلارمۇ «ئوسمان، خورىزىڭنى تۇتۇپ تۇر، مەن ئۆتۈۋالاي» دەيتتى. شۇڭا، دەرۋازىنى تاقىماي بىر ياقلارغا خاتىرجەم كېتىۋېرەتتۇق.

— ھازىرمۇ شۇ خورىزىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىرى.

— ھەي، ئۇششاق باللار قويامدۇ دەيسەن. كاتەككە سولاپ قويسام ئوغرىلاپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ، — دەپتۇ ئوسمان بۆرە.

# توختىماس سائەت

مەھەللە دوقمۇشىغا يىغىلغانلارنىڭ ئارىسىدا سائەت ھەققىدە گەپ چىقىپتىكەن، ئوسمان بۆرە شۇ ھامان گەپنىڭ بېلىگە تېپىپتۇ:

— ھازىرقى سائەتلەرنى سائەت دېگىلى بولامدۇ، سوتكىسىغا بىر قېتىم بۇرىمىساڭ توختاپ قالىدۇ. مېنىڭ بىر سائىتىم بولىدىغان، سائەت دېسە شۇنى دېسە بولىدۇ. ئۇنىڭ قانداق سائەت ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەي: بىر سائەتنى بىر ئاتنىڭ پۇلىغا ئاران ئالغىلى بولىدىغان، پۇللۇق كىشىلەرلا سائەت تاقايدىغان چاغلار ئىدى. مەنمۇ بىر تاقايچۇ، دەپ سائەت ئالدىم. تازا تومۇز كۈنلىرى ئىدى، چۆمۈلگىلى دەريا بويىغا باردىم، سۇدىن چىقىپ كىيىملىرىمنى كىيىپ ئۆيگە يېنىپ كەلدىم. قارىسام، سائەت يوق، دەريا بويىدا كىيىملىرىمنى يەشكەن يەردە ئۇنتۇپ قاپتىمەن. قايتىپ بېرىپ ئىزدەي دېسەم، خۇشياقمىدى. بىر يىل ئۆتۈپ يەنە تومۇز ئايلىرى بولغاندا سۇغا چۆمۈلگىلى دەريا بويىغا باردىم. سۇغا چۆمۈلۈپ بولۇپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتسام، بىرنېمە «چىك - چاك، چىك - چاك» قىلىدۇ. يا ھايۋاننىڭ ئاۋازىغا، يا ئۇچار قاناتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاشمايدۇ. ھەيران قالدىم. تازا دىققەت قىلسام، چىكىلدىغان ئاۋاز مەندىن قىرىق - ئەللىك مېتىرچە

نېرىدىكى چۆپلۈك ئىچىدىن كېلىۋاتىدۇ. بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ باردىم. چۆپلۈكنى ئاختۇرسام، سائەت تۇرىدۇ، قولۇمغا ئالسام، مېنىڭ سائىتىم.

— ئۇنى كىم بۇراپ قويۇپتۇ؟ — بىرى ئەجەبلىنىپ سوراپتۇ.

— كىم بۇراپ قوياتتى، بۇلتۇر ئۆزۈم بۇراپ قويغان پېتىچە مېڭىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ !



# چۈشىدە تېپىۋالغان پۇل

— ئازنىۋاقى ئاكا، — دېدى سورۇندىكىلەردىن بىرى، — سېنىڭ ئوقىتىڭنىڭ تايىنى يوق ئىدى، بىردىنلا بېيىپ كەتتىڭغۇ؟ بىر گەپ بار جۇمۇ، سەندە!

— مەندە نېمە گەپ بولاتتى، — دېدى ئازنىۋاقى، — چۈشۈمدە تېپىۋالغان پۇل بىلەن بېيىپ قالدىم.

— جۆيلۈمە! — دېدى ھېلىقى يىگىت، — چۈشۈڭدە بىر تاغار پۇل تېپىۋالساڭمۇ، ئەتىسى ئويغانساڭ ھېچنېمە يوق. ئۇنداق پۇلنى بىزمۇ كۆپ قېتىم تېپىۋالغان.

— راست دەيسەن، ئىنىم! مەنمۇ چۈشۈمدە بىرىنچى قېتىم پۇل تېپىۋالغاندا، قوينۇمغا سېلىپ چىڭ تۇتۇپ ياتتىم، ئەتىسى ئويغانغاندا پۇل يوق. ئىككىنچى قېتىم ياستۇقنىڭ ئىچىگە تىقىپ، مەيدەمگە بېسىپ ياتساممۇ، ئەتىسى قوپقاندا يەنە يوق. ئۈچىنچى قېتىم تېپىۋالغان پۇلنى قۇچاقلاپ، چوڭ ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈۋالدىم، خوتۇنۇم ساندۇقنى قۇلۇپلاپ قويدى. ئەتىسى ئويغانغاندا بۇ پۇللارغا نېمىلەرنى ئېلىشنى ئويلاپ ياتتىم. ئەتىسى خوتۇنۇم ساندۇقنى ئېچىپ، مېنى ئويغاتتى. ساندۇقتىن بېشىمنى چىقارسام، تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ، بىراق پۇل يەنە يوق. بۇ پۇللارنى شەيتان ئېلىپ

قاچىمسا نەگە كېتىدۇ؟ خەپ توختا ! دېدىم - دە، ئويلا - ئويلا، بىر ئامال تاپتىم. بىر كۈنى چۈشۈمدە يەنە بىر سومكا پۇل تېپىۋالدىم. ئۆيگە ئاپىرىپ سانىسام، ئارتۇق - كېمى يوق يۈزمىڭ سوم ئىكەن. ئۇنى دەرھال بانكىغا ئاپىرىپ قەرەلسىز ئامانەت قويۇۋەتتىم. «مەندىن باشقا ئادەم چەكنى ئەكەلسە پۇل بېرىلمىسۇن» دەپ تاپىلاپمۇ قويدۇم. ئاندىن پۇلنىڭ چېكىنى قولۇمدا چىڭ تۇتۇپ، پەلەي كىيىۋالدىم. ئەتىسى ئويغانسام، خۇداغا شۈكۈر، چەك قولۇمدا تۇرۇپتۇ.

— شەيتان قولۇڭدىن چەكنى ئېلىپ قاچماپتۇ - دە؟

— ئېلىپ قاچقىنى بىلەنمۇ بانكىدىن پۇلنى ئالىدىغان چاغدا تۇتۇلۇپ قالىدۇ - دە !

# بەشئاتارنىڭ ئوقى

— بۇ باللارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ھېكايەڭنى سۆزلەۋەر، ئازنىۋاقى ! — دېدى سورۇندىكىلەردىن بىرى.

— شۇنى دېگىنە ! بۇ باللار ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. بىز لەڭشاڭ، ھەرەمباغلاردا ئۇرۇش قىلغاندا، بۇ باللارنىڭ دادىلىرى كەينىمىزدە مىشەك تېرىپ يۈرەتتى. مۇشۇ بالىنىڭ دادىسى مەن ئاتقان ئاپتوماتنىڭ مىشەكلىرىنى تېرىۋاتقاندا ئۆلگىلى تاس - تاماس قالغاندى.

— دادامنى خۇدايىم بىر ساقلاپتىكەن - دە ! — دېدى ھېلىقى بالا.

— سېنىڭ داداڭنى مەن ساقلاپ قالغان. مەن دۈشمەن ئاكوپىغا قاراپ ئېڭىشىپ كېتىۋاتسام، لەڭشاڭ تەرەپتىن بىر تال ئوق بىز تەرەپكە ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ كېلىۋاتامدۇ ! بايقىسام، بەشئاتارنىڭ ئوقى. مەن دەرھال داداڭنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇچۇپ كەلگەن ئوقنى چىگرىن ئۆتۈكۈمنىڭ پاشنىسى بىلەن بىر تەپسەم، ۋىژژىدە قىلىپ سازلىققا كىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ داداڭ ئامان قالغان، دېگىنە !

# زەمبىرەك ئوقنى تۇتۇۋېلىپ...

— ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىللىرىدە زەمبىرەكچىلەر روتىسىغا كوماندىر بولدۇم، — دەپتۇ ئوسمان بۆرە، — بىر كۈنى ئەسكەرلىرىم:

«كوماندىر، بىكار يېتىپ ئىچىمىز پۇشۇپ كەتتى، زەمبىرەك ئېتىشقا بۇيرۇق بەرسىڭىز؟» دېدى.

«بولىدۇ، ئەمىسە دۈشمەن ئاكوپلىرىغا قارىتىپ ئېتىڭلار» دېدىم.

ئۆزۈم بىر دۆڭگە چىقىپ دۇربۇن بىلەن ئوقنىڭ نىشانغا تېگىش ئەھۋالىنى كۆزەتتىم. قارىسام، ئوقلار قىڭغىر كېتىۋاتىدۇ. جەڭچىلەرگە ۋارقىرىدىم:

«كۆزۈڭگە قاراپ ئېتىشمامسەن، ئوقلار قىڭغىر كېتىۋاتىدۇ».

«كوماندىر، قارشى تەرەپتىن شامال چىقىۋاتقاچقا، ئوقلار لەيلەپ كېتىپ، نىشانغا تەگمەيۋاتىدۇ،» دېدى جەڭچىلەر.

«ئۇنداق بولسا شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئېتىڭلار !» دېدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوقلار دەل نىشانغا تەگكىلى تۇردى. بىردەمدىن كېيىن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ زەمبىرەك ئوقلىرىمۇ ئېتىلىشقا باشلىدى. دۇربۇن بىلەن شۇنداق قارىسام،

بىر يوغان زەمبىرەك ئوقى توپتوغرا بىزنىڭ ئاكوپىنىڭ ئۈستىگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ... توختا، بۇنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بىر بېرەي، دېدىم - دە، پايلاپ تۇردۇم. ھېلىقى زەمبىرەك ئوقى ئالدىمغا كېلىشىگىلا «كاپ» قىلىپ تۇتتۇم - دە، بېشىنى كەلگەن تەرىپىگە بۇراپ، سەكرەپلا ئۈستىگە مىنىۋالدىم. ھەر شاش ئاتلارغا مىنىپ يۈرگەن بىزدەك ئوغۇل بالىلار ئۈچۈن بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى دەيسەن ! زەمبىرەك ئوقى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ. بىر چاغدا خۇمارىم تۇتۇپ تاماكا يۆگىدىم، قارىسام، يېنىمدا سەرەڭگە يوق، ئوقنىڭ ئۈچىدىن تۇتاشتۇرۇپ چەكتىم. ئاڭغىچە بىر قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالدىم. بارخان ئارقىسىدىلا دۈشمەن ئاكوپى بار ئىكەن. ئوقنىڭ گەجگىسىدىن سەل بېسىپ دۈشمەن ئاكوپىغا توغرىلاپ قويۇپ، ئۆزۈم سەكرەپ چۈشۈۋالدىم. زەمبىرەك ئوقى تۆۋەنگە قاراپ شۇڭغۇپ، دۈشمەن ئاكوپىغا بېرىپ پارتلىدى. مەن قايتىپ كەلدىم.



# ئۆيدىن چىقماي ئوۋ قىلىش

بىر سورۇندا ئوۋ ھەققىدە گەپ چىقىپتىكەن، ئوسمان بۆرە دەپتۇ:

— ھازىر ئوۋغا چىقىدىغانلار ئاتلارغا مىنىپ، تايغانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، نۇرغۇن ھەشەم بىلەن چىقىدىكەن. مەن ئۆز ۋاقتىدا ئۆيدىن چىقمايلا ئوۋ قىلاتتىم. قانداق دېمەمسەن، «تۇركلىنكا» مىلتىقىم بولىدىغان، كېچىسى يېنىمغا قويۇپ ياتاتتىم، سەھەردە ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئۆردەك - غازلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشىم بىلەنلا ئويغىناتتىم - دە، ئورنۇمدىنمۇ تۇرماي مىلتىقنى ئېلىپ، تۈڭلۈكتىنلا ئاتاتتىم، بىرمۇ ئوق زايە كەتمەيتتى. ئوق تەگكەن ئۆردەك - غازلار تۈڭلۈكتىن تۈپتوغرا ئۆيگىلا، يەنە كېلىپ ئوقنىڭ قىزىقىدا كاۋاپ بولۇپ چۈشەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك چايدا ئۆردەك - غاز كاۋىپى يەيتتۇق.



# قىرغاۋۇلنىڭ كۆيلۈكىدىن

— سىلەرنىڭ يۇرتتا قىرغاۋۇل بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بىرى ئوسمان بۆرىنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن.

— بارمۇ دەيسەنغۇ ! بىزنىڭ يۇرتتا قىرغاۋۇل شۇنداق كۆپكى، مىلتىق بىلەن ئېتىپمۇ ئاۋارە بولمايتتۇق. قىشلىقى قىرغاۋۇللار بىزنىڭ باغقا توپ - توپى بىلەن چۈشەتتى - دە، سېمىزلىكىدىن قارغا پېتىپ قېلىپ ئۇچالمايتتى. تاغارنى ئاچىقىپ ئۇسۇپ - ئۇسۇپلا ئەكىرەتتۇق، — دەپتۇ ئوسمان بۆرە.

# ئايروپىلان بېدە ئاستىدا

— بەلكىم ھەرقايسىڭلار ئايروپىلان دەپ ئاڭلىغان بىلەن تېخىچە كۆرمىگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن، — دەپتۇ ئوسمان بۆرە، — مەن ئايروپىلاننى يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدىلا كۆرگەن. بىز ھەر يىلى بىرەر مىڭ باغ بېدە بېسىۋالاتتۇق. بىر يىلى ئەتىيازدا ئۆگزىدىن بېدە ئېلىشقا توغرا كېلىپ، بىر باغ بېدىنى ئېلىشىمغا «گۇر - گۇر»لا قىلىپ بىرنېمىلەر ئۇچۇپ چىققىلى تۇردى. تازا زەن سېلىپ قارىسام، ئايروپىلانلار ئىكەن، ئۇچقۇچىلىرى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغىلى تاسلا قاپتۇ. ئۇلار كۈزدە بىزنىڭ ئېغىلنىڭ ئۈستىگە قونغاندا، مەن كۆرمەي ئۈستىگە بېدە تاشلاپ باستۇرۇۋېتىپتىمەن، قىشچە بېدىنىڭ ئاستىدا قاپتۇ ئەمەسمۇ.



# باتۇرلۇق

باتۇرلۇق ھەققىدە گەپ چىقىپتىكەن، ئوسمان بۆرە دەپتۇ:

— باتۇرلۇق دېگەننى مەندىن سورا. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ ئەسكەر بولغان چاغلىرىم ئىدى. گومىنداڭنىڭ بىر پوتىينى ئىلىشقا توغرا كەلدى. كوماندىر پوتەينى پارتلىتىش ئۈچۈن كەينى - كەينىدىن بىرقانچە جەڭچىنى ئەۋەتتى. ئۇ جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى قۇربان بولدى، بەزىلىرى يارىدار بولۇپ قايتىپ كەلدى، بىراق پوتەينى پارتلىتالمىدى. پوتەيدىن پىلىموت دېگەن تاتاتلاپ ئېتىلىپ تۇرىدۇ. ئۆزىمۇ تازا دۆڭنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان پوتەي ئىكەن. كوماندىر تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئاخىر مېنى قىچقىرىپ:

«ئوسمان، پوتەينى سەن ئالمىساڭ، باشقىلار ئالالمايدىغان ئوخشايدۇ» دېدى.

«بولىدۇ، كوماندىر» دېدىم.

«ساڭا نېمە كېرەك؟» دېدى.

«ئون تال گرانات بولسىلا بولدى» دېدىم.

كوماندىر ئون تال گرانات بەردى. ئۇنى قولياغلىقىم بىلەن مەھكەم باغلىدىم - دە، پوتەي تەرەپكە ئۆمىلەپ كەتتىم. پوتەيگە يېگىرمە - ئوتتۇز قەدەم قالغاندا، پىلىموت ئېتىلىۋاتقان تۆشۈككە قارىتىپ ھېلىقى بىر يۆگەك گراناتنى ئاتتىم - دە،

يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالدىم. قۇلاق سالسام، ھېچ «گۇم» قىلىغان ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ، كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، گومىنداڭنىڭ تاپانچا تۇتقان بىر ئورۇق، ئېگىز ئوفىتسېرى ئالدىدا، پىلىموت تۇتقان قاپقارا، دۇپدۇگىلەك ئەسكىرى كەينىدە ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋېتىپتۇ. ئوفىتسېر تۆۋەنگە قاراپ پىلىموتچىدىن سورىدى:

«جىگا سۇيدى بومبا[1]؟»

«ئايۇپ شاڭزۇڭدى پىڭيۇ ئوسمان بۆرىدى بومبا[2]» دېدى پىلىموتچى. ئۇنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا «گۇمبا - گۇمباڭ» قىلدى - دە، ئىككىسى تەڭلا پارتلاپ كەتتى.

---

① جىگا سۇيدى بومبا — (خەنزۇچە) بۇ كىمنىڭ بومبىسى.

② ئايۇپ شاڭزۇڭدى پىڭيۇ ئوسمان بۆرىدى بومبا — (خەنزۇچە ) ئايۇپ شاڭزۇڭنىڭ ئاغىنىسى ئوسمان بۆرىنىڭ بومبىسى.

# بەسلىشىش

بىر كۈنى ئابدۇباقى بىلەن ئازنىۋاقى پو ئېتىشىتا بەسلە-
شىپ قاپتۇ.

— نېمە بىلەن بەسلىشىپ پو ئېتىشىمىز؟ — دەپتۇ
ئازنىۋاقى.

— سەن نېمە دېسەڭ، مەن شۇ، — دەپتۇ ئابدۇباقى.

— ئۇنداق بولسا، قايسىمىز يېڭىلسەك، ئوتتۇز ئوغۇلغا
بىر مەشرەپ بېرىمىز، ماقۇلمۇ؟

ئابدۇباقى «ماقۇل» دەپتۇ ـ دە، پو ئېتىشنى باشلاپتۇ:

— بىر يىلى بېدىلىكنىڭ ئورنىغا كاۋا تېرىسام ئاجا-
يىپ ئوخشاپ كەتتى، دېگىنە! ھەر كاۋا ـ ھەر كاۋا! ئاق-
سۇدىمۇ كاۋا مۇنداق ئوخشىماپتىكەن. كۆز كېلىپ قالدى،
كاۋىلارنى توشۇپ ئاۋارە بولماي، ئېتىزدىلا تۇرغۇزۇپ ساتتىم.
بىر يوغان كاۋىغا ھېچكىمنىڭ پۇلى چىقىشماي قالدى. مەن
ئۇ كاۋىنىڭ يېنىغا بارسام، كاۋا مەندىن بىر مېتىر ئېگىز
تۇرمامدۇ! ئىتتىرىپ باقسام، مىدىرلاپمۇ قويمىدى. بولمىسا،
مەنمۇ ئاتنى مۇرەمگە ئېلىپ كۆتۈرىدىغان ئەزىمەت ئىدىم.
شەھەردىن بىر كىران بىلەن ئون چاقلىق ماشىنىنى باشلاپ
چىقتىم. ھېلىقى كاۋىنى كىران بىلەن كۆتۈرۈپ ماشىنىغا
باستۇق ـ دە، ئاستا ھەيدەپ ئەكېلىپ ھويلىغا چۈشۈرۈۋالدىم...

كىچىك باللاردىن بىرى بۇ گەپنىڭ پولىقىنى چۈشەنمەي:
— كاۋىمۇ شۇنداق يوغىنامدۇ؟ — دەپتۇ.
— سەن بىلمەيسەن، ئۇكا، — دەپتۇ ئابدۇباقى، — ئۇ چاغدا سەن ئىشتان كىيمەي ئويناپ يۈرەتتىڭ. ئاقساقاللىق قىلماي ئاڭلاپ ئولتۇرىۋەر.
— بۇ راست گەپ، ئۇكام، — دەپتۇ ئازنىۋاقى ئابدۇباقىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئۇ شۇنداق يىللار ئىدى. پولات - تۆمۈر تاۋلىغاندا، مەن داشقاللار ئارىسىدا قالغان چويۇندىن بىر قازان ياساتقانىدىم. ھېلىقى قازاننى ھادىس يوغان ياساتقانىكەنمەن. قىرىق تونىلىق كىران بىلەن كۆتۈرۈپ دەريا بويىغا ئېلىپ باردىم. چوڭ - كىچىك ئىككى يۈز ئادەم قازاننىڭ ئىچىگە چۈشۈپ سۇپۇرگە بىلەن بىر ھەپتە يۇيدى. قازاننى يۇيۇپ بولغۇچە ھېلىقى كىران كېتىپ قالغانىكەن، بۇ ئادەملەرنى قازاننىڭ ئىچىدىن ھېچقانداق قىلىپ چىقىرالمىدىم. ئاخىر ئۇلارنىڭ بالا - چاقا، ئۆي بىساتلىرىنى قازاننىڭ ئىچىگە كۆچۈرۈپ قويۇپ قۇتۇلغانىدىم. ئۇلار ھازىرغىچە شۇ قازاننىڭ ئىچىدە ئۆي تۇتۇشۇپ، ئوغۇللىرىنى ئۆيلەپ، قىزلىرىنى ياتلىق قىلىشتى.
— ماشە، ئاداش! قازان دېگەنمۇ ئۇنچىۋالا يوغان بولامدۇ!؟ — دەپتۇ ئابدۇباقى ئىشەنمەي.
— ھېلىقى سېنىڭ كاۋاڭنى ئاشۇ قازاندا پىشۇرمىسا، قانداق پىشۇرغىلى بولسۇن! — دەپتۇ ئازنىۋاقى.

# بىر مىشكاپ ئوق

بىر كۇنى تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا ئۇرۇش ھەققىدە گەپ
چىقىپتىكەن، ئوسمان بۆرە دەپتۇ:

— بىر كۇنى دۇشمەن تەرەپكە رازۋېدكىغا كېتىۋاتقىن-
ىمدا، گومىنداڭنىڭ ئايروپىلانى كۆرۇپ قېلىپ قوغلىدى.
يولنىڭ بويىدىكى قوناقلىقتا ئۆزۇمنى ئاتتىم - دە، ئۆمىلەپ
قاچتىم. ھېلىقى ئايروپىلان ئۇستۇمدە ئايلىنىپ ھەدەپ ياز-
پېشىمنى ئوققا تۇتتى. «ھە، خۇنپەرلەر، مەقسىتىڭ ماڭا ئا-
يان، — دەپ ئويلىدىم كۆڭلۇمدە، — ھەرقايسىڭ پۇتۇمنى يا-
رىدار قىلىپ، مېنى تىرىك قولغا چۇشۇرمەكچى ! » بىر
چاغدا، ئوقى تۇگىدى بولغاي، ئايروپىلان قايتىپ كەتتى. ئور-
نۇمدىن تۇرسام، شالۋۇرۇم شۇنداق ئېغىر، پۇتۇمنى تۇزۇك
يۆتكىيەلمىدىم. بۇ نېمە گەپتۇ، دەپ شالۋۇرنى يېشىپ قارى-
ۋىدىم، يەرگە بىر نېمىلەر توكۇرلاپ چۇشۇشكە باشلىدى. قا-
رىسام، دۇشمەن ئايروپىلانى ئاتقان پىلىموتنىڭ ئوقلىرى ئى-
كەن. شۇ قېتىمدا بىر مىشكاپ ئوق يىغىۋالدىم.

— ئوقلارنىڭ شالۋۇرۇڭدىن ئۆتمىگىنى قىزىققۇ؟

— شالۋۇرۇم ئېيىق تېرىسىدىن تىكىلگەن - دە. ئېيىق
تېرىسىدىن ئوق ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ — دەپتۇ
ئوسمان بۆرە سوئال سورىغۇچىغا ئالىيىپ قاراپ.

# نەيگە قونغان بۇلبۇل

— مەن ياش ۋاقتىمدا، — دەپتۇ ئازنىباقى، — نەي چېلىشقا بەكمۇ ئۇستا ئىدىم. روزىكام[1] تەمبۇر چالغاندا، تەمبۇرنىڭ دەستىسىگە بۇلبۇل قونغاننى مەنمۇ كۆرگەن، بىراق نەينىڭ ئۇچىغا بۇلبۇل قونغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىگەن.

بىر يىلى كۆكلەم پەسلىدە بەش - ئالتىمىز بىزنىڭ باغدا تاڭ ئاتقۇچە نەغمە - ناۋا قىلدۇق. ھەممىمىزنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىغا بۇلبۇل كېلىپ قوندى. ناخشا - مۇزىكا توختىغاندىن كېيىن ھەممە بۇلبۇل ئۇچۇپ كەتتى، لېكىن مېنىڭ نېيىمگە قونغان بۇلبۇل ئۇچۇپ كەتمىدى. مەن بۇلبۇلنى ئۈركۈتۈۋەتمەي، نېيىمنى ئۆرۈك شېخىنىڭ ئاچىمىقىغا ئاستا قويۇپ قويدۇم-دە، يانپاشلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدىم. ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن يەنە نەغمە - ناۋا قىلماقچى بولدۇق، نەينى چالسام، ھېچ ئاۋاز چىقمىدى، نېمە بولغاندۇر، دەپ نەينىڭ ئىچىگە قارىسام، ھېلىقى بۇلبۇل نەينىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

— ماڭە ! نەينىڭ تۆشۈكىگە بۇلبۇل پاتامدۇ؟ — دېدى بىر يىگىت.

— ھەي، ئۇ چاغدىكى بىزنىڭ نەيلەرنى سەن كۆرمىگەن، ئۇ مۇنداق نەيلەردىن ئەمەس، مەشىنىڭ كانىيىدەك نەي ئىدى، دېگىنە !

---

① روزىكام — داڭلىق مۇقامچى، تەمبۇر ئۇستىسى روزى تەمبۇرنى دېمەكچى.

# نوچىلىق

بىرنەچچىمىز ئۆستەڭ بويىدا سەگىدەپ ئولتۇراتتۇق، تە-لىيىمىزگە ئابدۇلكام كېلىپ قالدى.

— ئابدۇلكا، — دېدى ياش قىزىقچىمىز كامىل، — نە-چاغدىن ئېيتىپ كېلىۋاتقىنىڭغا قارىغاندا قىلمىغان ئىشىڭ قالماپتۇ. قېنى ئېيتقىنا، سېنىڭ بىرەر ئادەم بىلەن «سەن - پەن» دېيىشىپ، ياقا سىقىشىپ قالغان چاغلىرىڭمۇ بولغانمۇ؟

— ۋاھ، دەۋاتقان گېپىڭنى قارا سېنىڭ! مەن ساڭا دەپ قوياي، دېۋەيلىشىش، تىللىشىش دېگەنلەر خوتۇن خەقنىڭ قى-لىدىغان جېدىلى ئۇ! — دېدى ئابدۇلكام ۋە كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈپ، ھازىرلا مۇشتلىشىدىغاندەك ئەلپازدا گەپكە كىرىشتى، — سېنىڭ كۆرۈپ يۈرگىنىڭ بىر ئادەمنى نەچ-چىسى بىر بولۇپ ئۇرىدىغان قورقۇنچاقلارنىڭ سوقۇشۇشى تا-يىنلىق. بىز ياش چاغلاردا بارغۇ، ئىككى ئادەم جېدەللىشىپ قالسا، كەچكىچە تىللىشىدىغان، ياقا سىقىشىپ چوجە خوراز-دەك بازلىشىدىغان، كوچى يەتمىسە، قولىغا تاش - كېسەك، توقماق، پىچاق ئالىدىغان ئىش يوق ئىدى. ئاستىلا ئىشارەت-لىشىپ، خالىي جايغا چىقاتتۇق، شۇندىمۇ ئالدىراپ - تېنەپ مۇشت - پەشۋا ئېتىپ يۈرمەيتتۇق، خۇددى ئېسىل تائامغا تەكلىپ قىلغاندەك: «قېنى، سېنىڭدىن بولسۇن» دەپ كۆكرەك

كىرىپ تۇراتتۇق. كىم ئۇرۇپ يىقىتمۇەتسە، يىقىلغاننى يىد-
قىتقۇچى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قوياتتۇق. تاياق يەپ قالغىنى ئادا-
ۋەت ساقلاپ يۇرمەي: «مەن ساڭا قول قويدۇم، ئەكەل قولۇڭنى !»
دەپ، ئۇرغۇچىنى ئاشپۇزۇلغا ئاپىرىپ مېھمان قىلاتتى.
— ئۇنداقتا، — دېدى كامىل ئەتەي ئابدۇلكامىنىڭ چىد-
شىغا تېگىپ، — سەن ئاشۇ چاغلاردا كۆپ ئادەمنى مېھمان
قىلغانسەن؟
— نېمە دېدىڭ؟ مەن دېگەن ئارا كۈندە بىر مېھمان
بولاتتىم. ئاغزىمنى تاتىلاپ قالدىڭلار، مەن سىلەرگە مۇنداق
بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي: بىر كۈنى ئىشتىن يېنىپ ئۆيگە
كەلسەم، قازان شەھەرىدىن ھېچ شەپە يوق. «خوتۇن، تاماق -
پاماق ئەتمىدىڭمۇ؟» دېسەم، خوتۇن: «ئوچاققا ياقىدىغانغا بىر-
نەرسە بولمىسا، ئۆزۈمنى ئوتۇن قىلاتتىممۇ؟» دېدى. «ئۇنداق
بولسا سۇپىرا - تاختاڭنى يىيىمۇەر، مەن ياقىدىغان نەرسىنىڭ
ئامالىنى ھازىرلا قىلىمەن» دېدىم - دە، ئۆيدىكى بىر دۆۋە
سامان بوش پاتىدىغان يوغان تاغارنى ئېلىپ خاڭغا يۇرۇپ
كەتتىم، ھەش - پەش دېگۈچىلا تاغارغا دوست - بۇرادەرلەر-
نىڭ ياردىمى بىلەن لەببالەب كۆمۈر قاچىلاپ، كىچىك بالىنى
ھاپاش قىلغاندەك يۇدۇدۇم - دە، ئارقىغا ياندىم. داۋاندىن
پەسلىشىمگە كۆمۈر ئېلىپ يانغان ھارۋىكەشلەر ئاتلىرىنى ئوت
چالدۇرۇپ، ئۆزلىرى چاي - تاماققا ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ.
بۇ يەردىمۇ بىرنەچچىسى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى، بايقىغۇدەك
بولسام، كاساپەتلەر بۇگۈنمۇ بىر مەيدان مۇشتلىشىش ئۇيۇش-
تۇرىدىغاندەك قىلاتتى، تاغارنى يەرگە قويۇپ، خېرىدارلىقى
قاتتىقراق بىر توپنىڭ ھوزۇرىدا بولۇپ قالدىم. بىر قاسقاندا
مانتا كەلتۇرۇلدى. «ئاله - باقە» بىلەن ئەمدىلا تۆت - بەش-
تىن مانتا يەپ تۇراتتۇق، «قاراس - قۇرۇس، گۇلدۇر -

غالاپ» قىلىپ قالدى، قارىغۇدەك بولساق، شاش ئىككى ئات هارۋا بىلەن قاسقاننى سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ، نېمە ئىش ئىكەن دېسەك، بىر گالۋاڭ ئاداش يەر تېپىلمىغاندەك، ئېتىنى مانتا پىشۇرۇۋاتقان قاسقاننىڭ قۇلىقىغا باغلاپ قويۇپتۇ دەڭلا. ماذ-تىپەز: «يا، مانا مانتا پىشتى !» دەپ قاسقاننى ئاچقانىكەن، ئاتلار ئۈركۈپ، قاسقاننى سۆرەپ قېچىپتۇ. مانتىپەزلەر بىلەن هارۋىكەشلەر ئوتتۇرىسىدا قاراپ تۇرۇپلا يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمىغۇدەك جاڭجال چىقتى. سەپسالغۇدەك بولسام، هېرىپ - ئېچىپ كەلگەن هارۋىكەشلەرنى مانتىپەزلەر ئوبدانلا بوزەك ئەتكىلى تۇردى. مۇنداق چاغدا مەن قول قوۋۇشتۇرۇپ، تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرالايتتىممۇ ! چاپاننى يېشىپ مەيدانغا چۈشتۇم...

— هە، هە، ئاندىن كېيىن، — دېيىشىپ كەتتۇق.

— بىر - ئىككى سائەت قىيامەتنىڭ جېڭى بولدى، — دېدى ئابدۇلكام، — مەن جېدەلنى سېتىۋالغاندىم، غەزىپىمگە پايلىماي، مانتىپەزنىڭ ئوچاقتىكى قاسقانلىرىنى بىر تېپىپ-تىكەنمەن، نەچچە قاسقان مانتا تورۇسقا چاپلىشىپ قالدى. مانتىپەزلەرمۇ تەرەپ - تەرەپتە مەلەق يېتىپ كەتتى. قاراپ تۇرۇشقانلار: «ئابدۇلكا، بىزنىغۇ پۇخادىن چىقاردىڭ، يامىنى رىزقىمىزغا ئولتۇردۇڭ. مانتىپەزلەر يەردە يېتىشسا، مانتىلى-رى شەپەرەڭدەك تورۇسقا چاپلىشىۋېلىشتى، قورساق ئاچ قال-دى» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن هەممەيلەن ئۆز يولىمىزغا راۋان بولدۇق.

بېچارە ئايالىم هەممىنى تەق قىلىپ، يولۇمغا قاراپلا ئولتۇرغانىكەن، قاس - قۇسلا قىلىپ تاماقنى تەييارلاپ ئال-دىمغا قويدى. راسا تەرلەپ - پىشىپ غىزالىنىۋاتسام دۇمبەم قىچىشقاندەك قىلدى. «خوتۇن، قارىغىنا، ئېچىمگە قىلتىرىق

كىرىۋالغانمۇ نېمە؟» دېدىم. خوتۇن چاپىنىمنى قايرىغىنىنى بىلىمەن، «ۋاي، ئاتامەي، ۋاي ئانامەي» دەپ پېشانىسىگە شاپىلاقلاپ، ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇپ كەتتى. «نېمە بوپتۇ، خوتۇن؟» دېسەم، ئايالىم: «دۇمبىلىرىدە ۋاچچىدىلا پىچاق سانجىقلىق تۇرىدۇغۇ! نېمە كارامەتتۇ بۇ؟» دەپ، پىچاقلارنى بىر چەتتىن سۇغۇرۇپ شىرەگە قويغىلى تۇردى... سانىسام، نەق ئون يەتتە پىچاق. بايىقى ئېلىشىشتا مانتىپەز دېگەن چىدىماسلار پىياز توغرايدىغان پىچاقلىرىنى تىقىۋەتكەنىكەن. مەن بىخۇد شۇنىمۇ سەزمەي ئۇستىگە چاپاننى كىيىپ، تاغارنى يۇدۇپ كېلىۋېرىپتىمەن ئەمەسمۇ...

# ئايروپىلاندا

بىر سورۇندا ئايروپىلان ھەققىدە گەپ چىقىپتىكەن، ئاز - نىباقى دەپتۇ:

— بىر كۈنى بىكارچىلىقتا كوچا ئارىلاپ يۈرۈپ قەدىناس دوستۇم رۇستەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

« ئاداش، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، — ئىككىمىز بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغاندۇق. مانا ئەمدى ‹ يادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياغاق چاققاندا ئايرىلدۇق › دېگەندەك، سەن ئۇچقۇچى بولۇپ قالدىڭ، مەن باققاللىق قىلىۋاتىمەن. كونا دوستلۇقىمىزنى ئۇنتۇمىغان بولساڭ، مېنى ئايروپىلانىڭغا ئولتۇرغۇزۇپ بىر ئويناتتىپ كەلمەمسەن؟ »

دوستۇم ئويلىنىپ تۇرمايلا:

« يۈرە ! » دېدى - دە، مېنى ئايروپىلان يېنىغا باشلاپ باردى.

ئايرودرومدا ھەر يوغان ئايروپىلانلار بار ئىكەن، ئەمما رۇستەمنىڭ ئايروپىلانى كىچىكلا ئىكەن.

« ھەي ئاداش، بۇ نېمەڭ ئىككىمىزنى كۆتۈرەلەمدۇ؟ » دەپ ئىشەنچسىزلىك بىلەن ئايروپىلانغا چىقتىم. رۇستەم:

« خاتىرجەم بول ! » دېدى - دە، بىلىمدىن تاسما بىلەن

باغلاپ قويدى.

« ئاداش، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دېدىم ھەيران بولۇپ.

« ئايروپىلان سىلكىنسە، زەخىم يەپ قالمايسەن» دېدى رۇستەم كۈلۈپ.

« چىشىم چىققانىنىڭ بۇياقىدا ئايروپىلانغا بۇگۈن ئولتۇ-رۇپتىمەن. سىلكىنىدىغان كاتاڭ يولدا ھەيدىمەي، ئەينەكتەك سىلىق ئاسفالت يولدا ھەيدىمەمسەن !» دېدىم مەن.

مەن گېپىمنى تۈگەتكۈچە، ئايروپىلان ئوت ئېلىپ ئۆرلەپ كەتتى. ئىككى دەرەخ بويى ئۆرلىگەندە، پەسكە قاراپ قورقۇشقا باشلىدىم. كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ، بىرئازدىن كېيىن قارىسام، بۇلۇتقا يېقىنلاپ قاپتىمىز.

« ۋاي جېنىم ئاداش، بەك ئۆرلەپ كېتىپسەن ! ئۇششاق باللىرىم بار، كۈن كۆرگىلى قوي ! بىرئاز پەسلەت !» دەپ يالۋۇردۇم.

رۇستەم ئايروپىلاننى دەرەخ بويى پەسلەتتى. شۇ ئارىدا بىزنىڭ مەھەللىگە كېلىپ قاپتىمىز. ئەنە، بىزنىڭ ھويلىمۇ كۆرۈندى ! باللىرىمنىڭ ئانىسى تانىغا كىر يېيىۋاتقانىكەن.

« ھەي، ئانىسى، ئەھۋالىڭلا قانداقراق؟» دېدىم. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىر قاراپلا مېنى تونۇدى.

« بىزنى تاشلاپ قويۇپ، نەگە قاچاي دەيسىز؟ تېز يەرگە چۈشۈڭ !» دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

« بىلىم تاسما بىلەن مەھكەم باغلاقلىق، يەرگە چۈشەلمەي-مەن، خوتۇن !» دېدىم.

« ئۆيدە ماي، گۆش يوق. بىز ئاچ ئولتۇرامدۇق؟ » دېدى خوتۇنۇم.

« مە، مۇنۇنى خەجلەپ تۇرۇڭلار !» دەپ ئون سومنى تاشلاپ بېرىپ ئۆتۈپ كەتتىم.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلغانلىقىمنى مەھەللىدىكىلەرگە سۆزلەپ بېرىۋىدىم، ھېچكىم ئىشەنمىدى. كۆڭلۈمدە «خەپ !» دېدىم - دە، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بۇرادىرىم رۇستەمنى ئىزدەپ تاپتىم. «جېنىم ئاداش، مېنى ئايروپىلانىڭغا ئولتۇرغۇزۇپ يەنە بىر ئوينىتىپ



قويساڭ...» دەپ يالۋۇردۇم. ئۇ «ياق» دېمەستىن، مېنى ئايرو-پىلانغا چىقاردى. بىز «غۇڭلا» قىلىپ ئۆرلەپ كەتتۇق. بۇ قېتىم قورقۇش - پورقۇش دېگەن نەرسە خىيالىمغا كىرىپ باقمىدى. بېلىمنىمۇ باغلىماي ئولتۇرىۋەردىم.

« جېنىم ئاداش، بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئۈستىگە بارغاندا تازا پەسلەپ ئۇچساڭ » دېۋىدىم، رۇستەم «ماقۇل» دېدى.

مەن يانچۇقلىرىمغا تاشئالما سېلىۋالغانىدىم. ئايروپىلان دەرەخ بويى پەسلەپ، مەھەللىمىزدىكى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئۈس-تىگە كەلدى. كىشىلەر پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن، مەن ئاي-روپىلان كۆزنىكىدىن بېشىمنى چىقىرىپ:

« ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تالىپ ئاخۇن ئاكا، ناسىرجان، بۈگۈن دۇكاننى ئاچمىدىڭلارمۇ؟ » دەپ ھەممىسىدىن ئەھۋال سورىدىم. بەزىلەر ھەيران بولۇپ:

« ھوي ئازنىۋاقى، بېغىڭغا قارىماي، ئاسماندا نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ » دەپ سورىدى.

« بىكار ئۇچۇپ يۈرگىنىم يوق ! بۇ يىل تاشئالمىلىرىم قالتىس بولۇپ كەتتى، شاخنىڭ ئۇچىدىكىلىرىنى ئايروپىلان بىلەن ئۈزۈۋاتىمەن ! » دېدىم - دە، يانچۇقلىرىمدىكى تاشئال-مىلارنى تاشلاپ بېرىپ ئۆتۈپ كەتتىم.

# تېز سۈرئەتلىك پىكاپ

— ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، ئوقتىم ئوبدانلا يۈرۈشۈپ كەتتى، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ئازنىۋاقى، — خېلى پۇللۇق بولۇپ قالدىم. بىر كۈنى گېزىتتىن، ياپونىيىدە ئىشلەنگەن، سائىتىگە ئۈچ يۈز كىلومېتىر يول يۈرەلەيدىغان «تويوتا» ماركىلىق پىكاپ سېتىلىدۇ، دېگەن ئېلاننى كۆرۈپ قالدىم. دەرھال بانكىدىن يۈز مىڭ يۈەننى ئالدىم - دە، شاڭخەيگە بېرىپ شۇ پىكاپتىن بىرنى سېتىۋالدىم. شاڭخەيدىن كەلگۈچە ھەيدەشنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم. ئايالىم بىلەن ئىككى بالام ئۈرۈمچىدە مېنى ساقلاپ تۇرۇپتىكەن، ئۇلار پىكاپنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

ئۇلارنى ئېلىپ ناشتىدىن كېيىن غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. پىكاپىمنى بارغانسېرى تېزلەتتىم. جىڭدىن ئۆتكەندە پىكاپىنىڭ تېزلىكى سائىتىگە ئىككى يۈز ئەللىك كىلومېتىرغا يەتتى. بۇ چاغدا پىكاپ مېڭىۋاتامدۇ، ئۇچۇۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايدىكەن. سەنتەيگە يېقىنلاشقاندا پىكاپنى باشقۇرالماي قالدىم. پىكاپىم ئۇدۇل سايرام كۆلىگە كىرىپ كەتتى، كۆلنىڭ ئۈستىدە خۇددى قوغلىغۇچى پاراخوتتەك ۋىژىلداپ كېتىپ بارامدۇ! «ياپىرىم! خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن» دېدىم. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، ئوغلۇم: «دادا، ئاۋۇ

ئۆردەكنى تۇتۇۋالاي، پىكاپنى بىردەم توختاتقىن !» دېدى.

پىكاپنى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىم يادىمدا يوق، گاچ قىلىپ تورمۇزنى بېسىپتىمەن، پىكاپ چىپپىدە توختىدى، ئۆردەكلەرمۇ ئۇچۇپ كەتتى، پىكاپمۇ ئاس- تا - ئاستا سۇغا چۆكۈشكە باشلىدى. خوتۇن - بالىلىرىم قورقۇپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. پىكاپ كۆلنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ توختىدى. ئەينەكتىن قاراپ ئۆزىمىزنى سۇنىڭ ئاستىدا كۆر- دۇق. پىكاپنى ئوت ئالدۇرسام، ھېچ ئوت ئالمىدى. دۋىگاتېل- نىڭ ئىچىگە سۇ تولۇپ كەتكەندىكىن ئوت ئالمايدۇ - دە ! بالا - چاقىلىرىم تېخىمۇ قورقۇشۇپ، چۇقان سېلىپ يىغلاش- تى. شۇ چاغدا كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى: دامكىرات بىلەن كۇلۇچلارنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتىم، پىكاپنىڭ چاقلىرىنى بىر - بىرلەپ چىقىرىپ، ئىچ كامېرلىرىنى چىقىرىۋالدىم - دە، پىكاپنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ ناسوس بىلەن يەل بەردىم. تۆ- تىمىز تۆت كامېرنى بېلىمىزگە سېلىپ كۆلنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ چىقتۇق. قارىساق، كۈن چۈش بولۇپ قاپتۇ. سومكى- دىكى نازۇ نېمەتلەر بىلەن قورساقنى بىر قۇر ئەستەرلىۋې- لىپ، ئۈزۈشكە باشلىدۇق. كۈن قايرىلغاندا سىمپىتوزا تەرەپ- تىكى قىرغاققا چىقىۋالدۇق.

ئەمما، ھېلىقى پىكاپ سۇنىڭ ئاستىدا قالدى - دە.

# ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا

— ئۆتكەن يىل يازدا قەشقەرگە بېرىپ ئىككى ئاي تۇرۇپ قالدىم، — دەپتۇ ئازىنباقى، — مېۋە - چېۋىلىرىنىڭ ئەلـ ۋەكلىكى ۋە شىرنىلىكىدىن قەشقەرنى جەننەت دېسەك بولىدىـ كەن. بىر كۈنى ئەنجۈر يەۋېتىپ بالىلىرىم يادىمغا كەلدى ـ دە، ئەنجۈر گېلىمدىن ئۆتمىدى، بىر سوملۇق ئەنجۈرنى ئېلىپ پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە باردىم، غۇلجىغا ئۇزۇن يولـ لۇق تېلېفون بەردىم. تېلېفونچى تېلېفوننى بىزنىڭ ئۆيدىكى تېلېۋىزورلۇق تېلېفونغىلا ئۇلاپ بەردى. تۇرۇپكىنى قىزىم گۈلنار ئالدى. قىزىمنى كۆرۈپ ئاتىلىق ھېسسىياتىم بىلەن قۇچاقلاپ، ماڭلىيىغا سۆيدۇم. بىز ئۇزاق ئەھۋاللاشتۇق، ئاندـ دىن قولۇمدىكى ئەنجۈردىن بىرنى قىزىمنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدۇم، قالغىنىنى « ئۇكىلىرىڭ بىلەن يە» دەپ بەردىم، قىزـ زىم: « رەھمەت» دەپ ئالدى. شۇ ئەسنادا ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئايالىم يۈگۈرۈپ چىقتى (ئايالىمنى ئون يىل كۆرمىسەممۇ ھېلى كۆرگەندەك ئىدىم). ئۇ تۇرۇپكىنى ئېلىپ ئەھۋال سوـ رىدى:

«سالامەتمۇ سىز؟ قەشقەردىن قاچان قايتىسىز؟ قايتقاندا ماڭا بىر كۆڭلەكلىك چېكەن ئالغاچ كېلىڭ، جۇمۇ !»

«ساڭا بىر باغلام تىكەن ئالغاچ بارىمەن !»

«مەن تىكەننى نېمە قىلاتتىم؟ چىتلايدىغان بىغىم بارمىدى؟»
«ئۆزۈڭنى چىتلىمامسەن !»
«سەن ئۆزۈڭنى چىتلىۋال، بىشىڭنى يەيدىغان ساراڭ !»
ئاچچىقىم غۇژژىدە كەلدى ـ دە، بىر كاچات سالدىم. ئا ـ يالىم شۇ ھامان چۇقان سېلىپ يىغلىدى:
«سەن ئۇجمە كۆڭۈل ساراڭ قەشقەرگە بېرىپ بۇزۇلۇپ ـ سەن، بۇزۇلساڭ بۇزۇل، مېنىڭ خېتىمنى بەر !» دەپ ياقامغا ئېسىلدى. مەنمۇ ئۇنىڭ چېچىدىن قاماپ تۇتۇپ:
«خېتىڭنى ئالىدىغان يەرگە يوْر، ئەمىسە !» دەپ تېلېفونخا ـ نىدىن تاشقىرىغا دارقىرىتىپ سۆرىدىم. تېلېفونخانىدىكىلەر:
«ھاي ـ ھاي !... ئىش چاتاق بولدى !» دەپ مېنى تۇتۇۋې ـ لىشتى. قارىسام، تېلېفون ۋە ئۇنىڭغا چېتىلغان تېلېۋىزور ئاپ ـ پاراتلىرى — ھەممىسى ئۇستەلدىن يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپتۇ.
— تېلېفونخانىدىكىلەر ياقاڭغا ئېسىلغاندۇ؟ — دېدى بە ـ رەيلەن.
— ئېسىلمامدىغان ! ئۆز باھاسى بويىچە تۆت مىڭ ئىك ـ كى يۈز سوم تۆلەپ بېرىپ چىقىپ كەتتىم.

# جىن بىلەن ئېلىشىش

بىر سورۇندا، ئاغىنىلەردىن بەزىلىرى جىن ھەققىدە پاراڭ سېلىشىۋىدى، ئابدۇلكامىنىڭ ئېغىزى قىزىپ، ئېچىلىپلا كەتتى:

— راسا قىرانىمغا يەتكەن چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى ئۆيدە ئولتۇرسام ئەترەت باشلىقى پايپاسلاپ، كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولغان ھالدا كىرىپ كەلدى. ھەيران بولۇپ:

« ھوي نودەر، يەنە نېمە ئىش بولدى، چىرايىڭ بۆلەكچىلىغۇ؟ » دەپ سورىدىم.

« ۋاي ئابدۇلكا، ئۆزۈڭ بىر ئامال قىلمىساڭ بولمىدى، قوغۇنلۇقتا جىن پەيدا بولۇپ قاپتۇ، قوغۇنچىلار ياتالمايۋاتىدۇ» دېدى ئۇ ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ھالەتتە يالۋۇرۇپ.

« شۇنچىلىك ئىشمىدى؟ ئۇنداق بولسا، — دېدىم مەن ئەترەت باشلىقىدىن چىڭ - پىششىق ۋەدە ئېلىۋالماقچى بولۇپ، — قوغۇنلۇقتىكى ئاشۇ نان قېپىلىرىڭنى بۈگۈندىن باشلاپ يوقات ! ھازىردىن باشلاپ قوغۇنلۇقنىڭ ھوقۇقىنى ماڭا ئۆتكۈزىسەن، ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمايسەن ! »

« ماقۇل، ئابدۇلكا، سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، ئىشقىلىپ، جىنلارنى يوقاتساڭلا بولغىنى » دېدى ئەترەت باشلىقى مېنىڭ مۇنچىۋالا ئاسان رازى بولغىنىمغا خۇش بولۇپ.

شۇنىڭ بىلەن قوغۇنلۇقنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، شەمشەردەك پىچىقىمنى ئاستىم ـ دە، كەچكە يېقىن قوغۇنلۇققا بېرىپ، كەپىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم. بىر چاغدا «قارا !» دېگەندەك بولدى، شۇنداق بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسام، قوغۇنلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت نەرسە پەيدا بولۇپ ماڭا قاراپ كېلىۋاتامدۇ. يىگىرمە مېتىرچە ئارىلىق قالغاندا «شارتتىدە» ئارقىسىغا بۇرۇلدى ـ دە، قىبلە تەرەپكە قاراپ ماڭدى. توختا، نېمە كارامەت بۇ، دەپ ئارقىسىغا چۈشتۇم، ئۇلاردىن كۆزۈمنى ئۈزمىدىم. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن «لىپلا» قىلىپ قالدى، قارىسام، بېلىدىن يۇقىرىسى يوق تۆت كىشىنىڭ پۇتى كېتىۋاتىدۇ. يەنە ئازراق ئارقىسىدىن مېڭىۋىدىم، يەنە «لىپلا» قىلىپ قالدى ـ دە، ئەمدى پۇتلىرى يوق، بېلىدىن يۇقىرىسى بار بىر نەرسىلەر كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار شۇ قىلىپتا ھەدەپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ھە، توختا، بۇ خاۋارىجلار ئۆزلىرىچە مېنى سىناۋېتىپتۇ ـ دە، دېگەن ئوي خىيالىمدىن ئۆتۈپ، ئۇلارغا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويماقچى بولدۇم، شەمشىرىمنى غىلاپىدىن «شارتتىدە» چىقىرىپ: «بىگىسىڭ بولسا ئادەمنى تولا ئاۋارە قىلماي توختاش !» دەپ شىلتىپ، ھەيۋە قىلىۋىدىم، ھېلىقىلار «شىپپىدە» توختاپ تولۇق ئادەم شەكلىگە كىردى ـ دە، ئورنىدا تۇرۇپ ئۆزىراشقا باشلىدى. ئۆزىرا ـ ئۆزىرا، نەق سۇۋادان تېرەك بويى كۆتۈرۈلۈپ، ئاستا ـ ئاستا غۇۋالىشىپ يوقىلىپ كەتتى...

— بىرلا ھەيۋەڭ بىلەن ھېلىقى جىنلارنىڭ يوقالغىنىغا قارىغاندا، ئاشۇ شەمشىرىڭدە بىر خىسلەت بار جۇمۇ، ئابدۇلكا !

ئاغىنىلەر ھەيران بولغاندەك تەرەپ ـ تەرەپتىن غۇلغۇلا قىلىپ كېتىشتى.

— ۋاھ !— دېدى ئابدۇلكام ھۇزۇرلانغىنىدىن بىر قىسقا

يۆتىلىۋېلىپ، — ئابدۇلكاڭلار شەمشەر دېگىنىڭنى ياسىغاندا ئايتەلكۆرسىنى ئوقۇپ تۇرۇپ سوغارغان - دە.

بىر پەس كۆلكە بولدى. ئابدۇلكام ئاندىن ھېكايىسىنى



داۋام قىلدى:

— يېرىم كېچە بولاي دېگەندە، كەپە دېگىنىڭ غاراسلاپ، ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. شەمشىرىمنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋې-لىپ: «كەپىنى ئورنىغا قويۇش ! بولمىسا ھېلى تانابىڭنى تار-تىمەن. مەن ئابدۇل، بىلىپ قىلىش !» دەپ ۋارقىرىدىم. جىنغىمۇ جان كېرەك، ئۇكا، كەپە «شاپپىدە» ئورنىغا چۈشتى. مۇنداق چاغدا قورقساڭ يا تۇيماي قالساڭ، ئۇلار سېنى كەپە-پەپە دېگىنىڭ بىلەن قوشۇپ باشقا يەرگە يۆتكىۋېتىدۇ دېگىنە، ئۇكا، شۇنىڭ بىلەن ساراڭ بولۇپ قالىسەن. بۇنداق يەردە ئو-غۇل بالىدەك يۈرەك كېرەك دېگىنە، يۈرەك !... ئىككىنچى كۈنىمۇ ئەلياتقۇدىن كېيىن كەپە دېگىنىڭ غاراسلاپ كەتتى، قارىسام، ئۆرۈك قاققاندەك سىلكىنىۋاتامدۇ. ئاچچىقىم شۇنداق كەلدىكى، كەپىنىڭ بالىخانىسىدىن «ھا... يت !» دەپ سەكرەپ چۈشسەم، بىر يوغان مەخلۇق چاڭگال سالماسمۇ، تارتىپ بىر كاللا قويۇۋىدىم، جالاققىدە ئوڭدىسىغا چۈشتى، يەر دېگىنىڭ سىلكىنىپ كەتتى. ئۇمۇ يامان نېمىكەن، ئىر-غىپ قوپۇپ ماڭا ئېسىلدى، مەنمۇ بوش كەلمىدىم. ئېلىشا-ئېلىشا، ھەر ئىككىمىزنىڭ ھالى قالمىغىلى تۇردى. بىر چاغدا قارىسام، چەپ مۇشتقا توغرا كېلىپ قالدى، كېلىشتۇ-رۇپ قۇلاق تۈۋىگە قاسىدە قويۇۋىدىم، دەلدەڭشىپ كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ، يەنە ئالدىمغا كېلىپ قالماسمۇ، ئۇدۇلىدىن ما-خارىغا بىرنى قويۇۋىدىم، «گۈپپىدە» يىقىلىپ يوقىلىپ كەتتى...

— ھەي - ھەي، ئابدۇلكا، شەمشىرىڭنى چىقارغان بول-ساڭ، ئۇ كاساپەتنى تىرىكلا تۇتۇۋالاتتىڭكەن، — دېدى قىزىپ قالغان ئاغىنىلەردىن بىرى.

— ۋاھ، گەپ بولدى - دە ! — دېدى ئابدۇلكام تېرىك-

كەندەك، — ھە دېسىلا كىچىككىنە بىر ئىش ئۈچۈن قولى شەمشەر - پىچاققا يۈگۈرىدىغان مانا سېنىڭدەك ياشلارنىڭ ئىشى ئۇ. ئابدۇلكاتىلار ئۆزىنى بىر سىناپ باقاي دېگەن گەپ - دە، بۇ. ئالدىرىما، تېخى گەپ ئۇزۇن. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن قوغۇنلۇقتا نەزەر سالسام، كېچىچە تىلغىنىپ رەسۋاسى چىقىپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ. ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. ئىست، قوغۇنلار پىشىپمۇ قالغانىدى - دە. ئەلەمگە چىدىماي، جىنىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن كۈندۈزى قانغۇچە ئۇخلىۋالدىم. كەچقۇرۇنلۇقى قۇۋۋەتلىك شورپا، خام قايماقتا پىشۇرغان قاتلىما بىلەن غىزالىنىپ تۇرسام، يەر - جاھاننى تىلغاپ، توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتامدۇ ھېلىقى مەخلۇق. كېلىشىگىلا تۇتۇشتۇق. سەكرەپ تۇرۇپ ئېڭەك ئاستىغا ئىككى پەشۋا ئۇرغاندىن كېيىن، گەجگىسىدىن تۇتۇپ چىرماق سېلىۋېدىم، قولۇم سىيرىلىپ كېتىپ دۈمبىسىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ كاساپەت جىن ئەمەس، «ئالۋاستى» ئىكەن ئەمەسمۇ، دۈمبىسى كاۋاك تۇرىدۇ. «ھىم» دېدىم - دە، بىقىنىغا كېلىشتۈرۈپ ئۈچ - تۆتنى سالدىم - دە، يېتىم قوۋۇرغىسىدىن كاپپىدە تۇتۇۋېلىپلا: «يا پىرىمدىن مەدەت !» دەپ، دەس بېشىمدىن يۇقىرى كۆتۈرۈۋالدىم، ئاندىن ئىككى - ئۈچنى پىرقىراتتىم - دە، گۈپپىدە يەرگە ئۇرۇپ، بېسىپ تۇرۇپ چېچىنى كېسىۋالدىم. ئالۋاستى دېگەننىڭ چېچىنىلا كېسىۋالساڭ بارغۇ، ياۋاشلاپلا كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ چېچىنى سوراپ كۈچۈكلىنىپ كەتتى. مەنمۇ بوش كەلمىدىم، ئۇنىڭغا راسا جەرىمانە قويماقچى بولدۇم...

— ھە، ئابدۇلكا، شۇنىڭغا قارىغاندا، ئالۋاستىلارمۇ جەرىمانە دېگەننى بىلىدىكەن - دە؟ — دېدى گەپتىن يوتاق چە-

قىرىپ ئاغىنىلەردىن بىرى.

— ۋاھ، — دېدى ئابدۇلكام ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ، — ساڭمۇ شۇنداق ئالۋاستى ئۇچراپ قالسا، جەرىمانە قويۇپ باي بولۇۋالاي دەيسەن - ھە !

— ھا - ھا - ھا...! — ئاغىنىلەر كۈلۈشتى.

— ئالۋاستىلاردىن پۇل تۆلىتىدىغانغا ئابدۇلكاڭلارنىڭ بېشى قاپاق ئەمەس - دە ! پۇل جەرىمانە قويسام يا يالغان پۇل ئەكېلىپ مېنى بابلاپ كېتىدۇ، يا باشقا كىشىلەرنىڭ پۇلىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ قاقشىتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدىم: «ئۆزۈڭچە مېنى قورقۇتۇپ، يېڭىمەن دەپ ئېلىشىپ، ماۋۇ قوغۇنلۇقنى ۋەيران قىلدىڭ، ئۈچ كۈن ئىچىدە قوغۇن-لۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرىسەن !»

«دېگىنىڭدەك بولسۇن» دېدى - دە، ھېلىقى ئالۋاستى ماڭا باش قويۇپ، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

بۇ ئالۋاستىنىڭمۇ ئورۇق - جەمەتى جىق ئىكەن. ئۈچ كۈن دېگەندە كېلىپ قارىسام، قوغۇنلۇق دېگىنىڭنى راۋۇرۇس قىلىپ، ئەينى بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. مانا ئۇ-كا، ئابدۇلكاڭلار ئالۋاستىنىمۇ ئادەمدەك ئىشلەتكەن جومۇ، ھەتتا ئورۇق - ئەۋلادى بىلەن دېگىنە.

— ھە، ئابدۇلكا، — دېدى بىرەيلەن ئۇنى چېكىپ باق-ماقچى بولۇپ، — سەن كېسىۋالغان ھېلىقى ئالۋاستىنىڭ چېچى ھېلىمۇ باردۇ؟ بىر كۆرۈپ باقساق.

— ھەببەللى، شۇنىڭ پارىڭىنى ئەمدى دەپ بېرىمەن، — دېدى ئابدۇلكام ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باشمالتىقىنى تاپانچىدەك قىلىپ تەڭلەپ، — ھېلىقى ئالۋاس-تىنىڭ چېچىنى بارغۇ، ئۇكا، نەق ئىككى يىل ئۆتۈكۈمنىڭ

ئىچىگە سىلىپ تاپىنىمنىڭ ئاستىدا ساقلىدىم. ھېلىقى ئالۋاستى: «چېچىمنى بېرىۋەتسەڭ، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بېرىمەن» دەپ كۈندە يالۋۇرۇپ كېلىۋېلىپ ئاۋارە قىلىشقا باشلىدى. ئۆزۈممۇ بۇلارنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرۈپ باقاي، دەپ ئويلىدىم ـ دە، بىر كۈنى ئالۋاستىنى ئالدىمدا تىزلاندۇرۇپ: «ماڭا شېرىكلىرىڭنى كۆرسىتىپ، مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇرۇپ، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىمغا چېقىلماسلىققا ۋەدە بەر. ئىككىنچى بىر ئىش، مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئېلىپ، راسا بىر بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىسەن» دېۋىدىم، شۇ زامان رازى بولۇپ يوقىلىپ كەتتى.

كەچقۇرۇنلۇقى ئولتۇرسام، قوغۇنلۇقنىڭ ئالدىغا پاچاقلىرى ئاپئاق، سۈرەتتەك ئىككى قارا ئارغىماق قوشۇلغان، ئىچىگە ئوتقاشتەك گىلەم سېلىنغان چىرايلىق بىر كالاسكا جاراڭلاپ كېلىپ توختىدى ـ دە، شۇنداق كېلىشكەن، زىلۋا بوي، ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك بىر چىرايلىق قىز قولتۇقۇمدىن يۆلەپ كالاسكىغا چىقىرىپ يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇنىڭدىن ئۆمرۈمدە پۇراپ باقمىغان يېقىملىق بىر پۇراق گۈپۈلدەپ كېلىپ تۇردى، ئۆزى بولسا ماڭا ئەركىلەپ ـ نازلىنىپ تۇردى. كاساپەت ناز ـ خۇلقى بىلەن مەست قىلىپ قويۇپتۇ، قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىمىزنىمۇ ئۇقمايمەن. «كەلدۇق، كەلدۇق» دەپ كالاسكىنى توختاتقاندىلا، شۇنداق قارىسام، ئۇزۇن كەتكەن چىملىقنى كېسىپ ئۆتكەن ئۆستەڭ قىرىدا تۇرىمىز. ئاڭغىچە ھېلىقى ئالۋاستى ئالدىمدا پەيدا بولۇپ، يەرنى بىر تېپىۋىدى، شۇ زامان بۇك ـ باراقسان بولۇپ ساڭگىلاپ تۇرغان ئىككى تۈپ تالنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان غەلىتىلا بىر دەرۋازا پەيدا بولدى. دەرۋازا ئېچىلىۋىدى، ئىچىدىن كېلىشكەن يەنە بىر گۈزەل چىقىپ، ئىككى

قىز ئىككى قولتۇقۇمدىن يۆلەپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىدىن ئۆزۈمنى يوقىتىپلا قويدۇم. بىر ئىشىك جاراڭلاپ ئېچىلدى. ئوڭ يېنىمدىكى گۈزەل بىقىنىمنى چىمدىپ: «ئىتتىك بولۇڭ، مويسىپىتلار قاراپ قالدى» دېمەسمۇ، شۇنداق قارىسام، ئوتتۇرىسىغا پاياندار سېلىنغان ھەيۋەتلىك بىر زالنىڭ ئىككى يېقىدا ئاپئاق ساقال، ئاق پەشمەت، ئاق مەسە كىيىشكەن مويسىپىتلار قول قوۋۇشتۇرۇپ، سانجاق - سانجاق ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. ئۆزۈمنى رۇسلىدىم - دە، گېنېراللاردەك ھەيۋەت بىلەن پاياندازنى دەسسەپ ئالغا قاراپ ماڭدىم. ئىككى يېنىمدا ھېلىقى ئىككى گۈزەل شىپىلداپ كېتىۋاتىدۇ. ئالدىمىزدا ئىككىنچى بىر ئىشىك پەيدا بولۇپ ئېچىلىۋىدى، يەنە شۇنداق كۆركەم زالنىڭ ئىككى يېنىدا ئاپئاق ئۇزۇن چاچلىق، ئاق رومال ئارتىپ، ئوشۇقى كۆرۈنمىگۈچە ئۇزۇن ئاق كۆڭلەك كىيگەن قېرى مومايلار تەزىم قىلىشىپ تۇرۇشىدۇ. موماي بولغاندىمۇ شۇنداق چىرايلىق مومايلاركىن، قاراپلا قالىسەن. ئۈچىنچى ئىشىك ئېچىلىۋىدى، ياش يىگىتلەر ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ رەت - رېتى بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. مانا كارامەت! تۆتىنچى ئىشىك ئېچىلىۋىدى، خۇشبۇي پۇراق دىمىغىمغا ئۇرۇلۇپ، تەنلىرىمنى يايرىتىۋەتتى. بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرسەم، مىغ - مىغ تۇرۇپ كەتكەن قىزلار ماڭا تەزىم قىلىشتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى، غۇنچە بويلىرى، يېقىملىق جىلۋە قىلىشلىرى ھوشۇمنى يوقىتىپ قويغىلى تاس - تاماس قالدى. بەدىنىمنى بىر سىلكىپ ئۆزۈمنى رۇسلىۋالدىم - دە، ماڭا راسلانغان سەككىز قەۋەت ئەتلەس كۆرپە ئۈستىگە ئولتۇردۇم، ئىككى يېنىمدا ھېلىقى ئىككى چىرايلىقىم مېنى

كۆتۈپ ئولتۇردى، ئارقامدا يەنە بىر گۈزەل يېقىملىق گۈلاپ چېچىپ يەلپۈۋاتىدۇ. ئالدىمغا تىزىلىۋەتكەن نازۇنېمەت دېگەنىڭ، ئەييۇھەنناس ! بىر چاغدا ھېلىقى مېنىڭ بىلەن ئېلىشقان ئالۋاستى چىقىپ «ھۆرمەت !» دەپ بىرلا ۋارقىرىۋىدى، ئالدىدا قىزلار، ئارقىدىن ياشلار سەككىزدىن تىزىلىپ ئالدىمدىن تەزىم قىلىشقىنىچە ئۆتتى. ئىچىمدە: « پاھ، ماۋۇ ئالۋاستىلارنىڭ ئەدەپلىك بولۇپ كەتكىنىنى » دەيمەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن بەزمە باشلاندى. قارىسام، قىز - ياش ھەرخىل ئويۇنلارغا چۈشۈپ كەتتى، گاھىبىرلىرى غىدىقىڭنى كەلتۈرىدۇ، گاھىبىرلىرى ھۇزۇر... قىزلىرىغا قاراپ ئىچىم پۇشتى. «قىزلىرىڭنى چىقىرىۋېتىپ، ياشلىرىڭنى ئوينات !» دەپ بۇيرۇق قىلىۋىدىم، مانا ئويۇن دېگىنىڭ، قىز - يىگىتلەر يېرىم يالىڭاچ بولۇپ شۇنداق ئويناپ كەتتىكىن، قاراپ ئەقلىڭدىن ئادىشىپلا قالىسەن. بەللىرىنى غەلىتە قىلىپ ئۇياق - بۇياققا تولغايدىغان بولسا، ھېلىقى سىلەرنىڭ، ياق، ياق، بەزى ياشلارنىڭ سەھنىلەرگە چىقىۋېلىپ غىلجىڭلاپ يېرىم يالىڭاچ ئوينايدىغان ئۇسسۇللىرى بىكار قالسۇن. ئەسلىدە شۇ لاۋزا ئۇسسۇللار جىن - شاياتۇنلارنىڭ ئۇسسۇللىرى ئىكەن، ئۇكا.

غەزىپىم كېلىپ قولۇمنى شۇنداق بىر سىلكىۋىدىم، جىنلار قورقىنىدىن تۇرۇپلا قېلىشتى. مەن بىلەن ئېلىشقان ئالۋاستى ئۈچ قىزغا ئۈچ لېگەندە ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى كۆتۈرگۈزگەن پېتى ئالدىمغا كەلدى - دە: «ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭ، مەن مۇشۇ جىن - شەيتانلارنىڭ سەركەردىسى. مەن پۈتۈن جەمەتىمدىكى يەتمىش پۇشتۇم نامىدىن ۋەدە بېرىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن بالاڭغا تەگمەيمىز،

ئۇرۇق ـ ئەۋلادىڭغا چىقىلمايمىز. ئەمدى ئاز بولسىمۇ مۇنۇ سوۋغاتلارنى ئېلىپ قايتقىن. تاڭ ئېتىپ، ئەزان چىقىپ قالسا بولمايدۇ» دېدى.

كاساپەتلەرنىڭ قىلىپ كەتكەن خۇشامەت ـ تەكەللۇپلىرى مەردلىكىمنى قوزغاپ قويدى. ئۆتۈكۈمنى «شارتتىدە» سېلىپ چىچىنى بېرىۋەتتىم. ئۇلار خۇشاللىقلىرىدىن غەلىتە چىرقىرىشىپ: «چاققان بولۇڭلار، كالاسكىنى تەييار قىلىڭلار» دېيىشتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە قىزلار بىلەن كالاسكىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق.

بىز مەھەللىگە يېقىنلاشقاندا تۇيۇقسىز بىر خوراز چىللاپ قالامسۇ، مەنمۇ ھودۇقۇپ كېتىپ ئىختىيارسىزلا: «بىسمىللا» دېگىنىمنى بىلمەن، «جاققىدە» يەرگە ئولتۇرۇپ قالغاندەكلا بولدۇم. شۇنداق كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، كالاسكىمۇ يوق، ھېلىقى ئىككى گۈزەل قىزمۇ يوق، بىر شىۋاق سۇپۇرگە ئۈستىدە ئولتۇرۇپتىمەن. ھېلىقى ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار قوي قۇمىلاقلىرى ۋە ئېشەك تېزەكلىرىگە ئايلىنىپ قاپتۇ...

— ھەي... ئابدۇلكا! — دەۋەتتى قىزىقىپ ئاڭلاۋاتقان ئاغىنىلەردىن بىرى ئېچىنغانلىقتىن بېشىنى چايقاپ، — ھەممىدىن بىراقلا قۇرۇق قاپسەن ـ دە، بىردەم ئېغىزىڭنى يۇمۇپ تۇرماي...

— مېنى نېمە كۆرۈشسەن، ئۇكاموي، ئۇنداق ھارام بايلىق ياراشمايدۇ ئابدۇلكاڭغا، بەرىبىر ئەترەت باشلىقىغا تاپشۇرۇپ بېرىۋېتەتتىم دېگىنە. شۇڭا، بىر «بىسمىللا» بىلەن ھەممىنى يوق قىلىۋەتكەن گەپ، — دېدى ئابدۇلكام مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ.

# ئۆستەڭدە ماي ئاقتى

بىرى ماختىنىپ پو ئېتىپتۇ:

— ئۆتكەندە مېھمان چاقىرىپ، تىزىۋەتكەن مەزەلىرىمنىڭ كۆپلۈكىدىن داستىخاننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغان مېھمانلار بىر - بىرىنى كۆرەلمەي قالدى.

— شۇنچىلىك ئىشتىنمۇ ماختىنامسەن؟ — دەپتۇ ئوسمان بۆرە، — مەن بىر قېتىم مېھمان چاقىرغانىدىم، خوتۇن شۇنداق مايلىق پولۇ ئەتتىكى، پولۇنى يېگەن مېھمانلار ئىشىك ئالدىدىكى ئۆستەڭدە قولىنى يۇيۇۋىدى، ئۆستەڭدە نەچچە كۈنگىچە ماي ئاقتى.

# كاۋا بىلەن قازان

بىر پوچى دەپتۇ:

— ئۆتكەن يىلى يازدا كاۋا تېرىۋىدۇق، شۇنداق ئاينىپ، ئوخشاپ كەتتىكى، نېمىسىنى دەي. يالغان دېسەڭلار، بىر كۈنى قوشنىمىزنىڭ موزىيى يوقىلىپ كەتتى، بىر ھەپتىگىچە ئىزدىمىگەن يېرى قالمىدى، لېكىن موزايىنى تاپالمىدى. كېيىن قارىسا، بىزنىڭ بىر كاۋىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغانىكەن.

ئۇنىڭغا ئوخشاشلا پو ئاتىدىغان بىرى بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— مېنىڭ چوڭ دادامنىڭ بىر قازىنى بار ئىدى، ئۇنىڭغا ئاقئۆستەڭنىڭ سۈيىنى باشلىسىمۇ توشمايدۇ، — دەپتۇ.

— پو ئاتمىساڭچۇ، بۇرادەر، شۇنداقمۇ يوغان قازان بولامدۇ؟ — دەپتۇ ئۇچىنچى بىرى. شۇ چاغدا تۆتىنچىسى:

— شۇنداق قازان بولمىسا، موزاي مۆكۈنۈۋالىدىغان كاۋىنى نېمىدە پىشۇرىدۇ؟ — دەپتۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMDk5MTQuemlw",
  "filename_decoded": "40209914.zip",
  "filesize": 12893958,
  "md5": "db61dbfa2ccaf4635f462c611932651c",
  "header_md5": "37ff1e83d35a15522ceba88d264c308a",
  "sha1": "18669a2f8705bedd08525a2d68b3d4546af8b5c5",
  "sha256": "0a5209b7eda11052f0e94c0f564d19c901e54b49ceed6ba8ba0455fb0686f2f4",
  "crc32": 1259799749,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 14389478,
  "pdg_dir_name": "\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u251c\u00b1\u255d\u03a3\u2524\u2264\u2557\u2591\u255d\u00bb\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209914",
  "pdg_main_pages_found": 84,
  "pdg_main_pages_max": 84,
  "total_pages": 93,
  "total_pixels": 374163328,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}